رەھمەتۇللا جارى



# بىزنىڭ باغ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

责任编辑：阿吉 · 库图鲁克 · 卡迪尔
封面设计：艾克拜尔 · 萨里

N 7-228-05655-8
I.2088 (民文) 定价 :6.50元

ISBN 7-228-05655-8
9 787228 056552 >

15
1227
76

رەھمەتۇللا جارى

# بىزنىڭ باغ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

我们的花园：维吾尔文/热·加里著.—乌鲁木齐：
新疆人民出版社，2000.3
ISBN 7-228-05655-8

Ⅰ.我… Ⅱ.热… Ⅲ.诗歌—中国—当代—维吾尔语
(中国少数民族语言)Ⅳ.1227
中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 03317 号

责任编辑：阿吉·库图鲁克·卡德尔
封面设计：艾克拜尔·沙力

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码：830001)
新疆新华书店发行
新疆《工人时报》印刷厂印刷
787×1092 毫米 32 开本 4.75 印张
2000 年 5 月第 1 版 2000 年 5 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN7-228-05655-8/I.2088 定价：6.50 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھاجى قۇتلۇق قادىرى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# بىزنىڭ باغ

ئاپتورى: رەھمىتۇللا جارى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 4.75
2000 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN7—228—05655—8/I. 2088
باھاسى: 6.50 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇششۇك تەككەن باغ

ئابدۇقادىر جالالىدىن

70 يېشىدىن ھالقىپ بولغان بۇ بوۋاي بىزگە تېمەن ۋە ساغلام كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ مۈكچەيگەن قامىتى قورۇق بېسىپ كەتكەن چىرايى 20 - ئەسىردىكى قالايمىقانچىلىقلارغا ئۇچرىغان بەختسىز ئەدىبلىرىمىزگە ئورتاق بولغان تالاي خورلۇق ۋە پىشكەللىكلەردىن ئېنىق دېرەك بېرىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ زېھنى سۇزۇك بولۇپ، جاھاننىڭ يىراق - يېقىنلىرىدىكى چوڭ - كىچىك ئىشلار ئۇنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزىسىدىن خالى بولمايتتى. ئۇنىڭ دىققىتى ئۇنى كۆيدۈرگەن، سۆيدۈرگەن، ئازاپلىغان تاتلىق ئارمانلارغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى تارىخ ۋە بۈگۈننىڭ ۋاراقلىرىدىن تىنىمسىز ئاختۇراتتى، ئۇ بۇ ئۇچۇرلارنى ئەقىل ئەگلىكىدە تاسقىغانسېرى ئۆرتىنەتتى، ئاھ ئۇراتتى، قاخشايتتى...

ئۇنىڭ دەرمانى قېرىغان بولسىمۇ، ئارمانى قېرىمىغان ئىدى. بۇ ئارمان ئۇنىڭ خۇسۇسىي تەلەپلىرىدىن ھالقىغان، خەلقىنىڭ ئارمانى بىلەن ھەمنەپەس ئارمان ئىدى، بۇ ھېچ نېمىدىن رەنجىمەيدىغان، ھېچ نېمىدىن نەپرەتلەنمەيدىغان، لېكىن، توققۇزى تەل «ئۆسۈملۈك ئادەملەر» بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىرخىل بەخت، چۈنكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسا-

نىيەتكە خاس مەۋجۇتلۇقنى باشقىلارغا ئورتاق ھەسرەتلىرى ئارقىلىق كۆرۈپ يېتىدۇ.

ئۇ ئاخىرى ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ تېمەنلىكىدىن تاپقان كۆڭۈل تەسكىنلىرىمىز يوقىقا چىقتى. بىز پىشقەدەم ئەدىپنى يوقلاپ بارغاندا، ئۇ پۈتلىرىنى ئالماپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى. تىۋىشلىرىمىز ئۇنىڭ ئىنچىكە خىيال رىشتىلىرىنى ئۈزدى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەۋزەل ۋاقىتلارنى بىھۇدە ئۆتكۈزىۋەتكەنلىكىنى، يېزىشقا تېگىشلىك بەزى ئوي - پىكىرلىرىنىڭ بارلىقىنى، ساقىيىپ بالنىستىن چىققاندىن كېيىن شۇ ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بىز ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ يامان سۈپەتلىك كېسەل ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولغاچقا، ئىچىمىز سىيرىلدى، بىز «ئاللا سىزگە شىپالىق بېرەر» - دېدۇق. ئۇمىد ئۇنى ئەڭ مۇشەققەتلىك يىللاردىمۇ ھايات مەنزىلىگە يېتەكلىگەچكە، ئۇ ئەشۇ ئۇمىدتىن ۋاز كەچمىگەن ئىدى.

كۈندۈزنىڭ سۈس جۇلاسى دېرىزىدىن كىرىپ، ئاپئاق تاملارنىڭ چېھرىنى بىسەرەمجان كۆرسىتەتتى. بىزگە گاھ - گاھ دېمىنى ئېلىپ سۆزلەۋاتقان پىشقەدەم ئەدىپنىڭ قاندىسىز رەڭگى باشقىلار سوۋغا قىلىپ ئەكىرگەن گۈل دەستىلەر ھەمدە كىرلىك، سۈس يېشىل رەڭدىكى تېرمۇس، ناۋات رەڭدە سىرلانغان ئورۇندۇقلار بىلەن بىرلەشكەن ھالدا غەشلىك پەيدا قىلىدىغان دۇغ بۇياقتا ئوخشاپ قالاتتى.

شائىر مەلۇم نەشرىياتقا سونغان شېئىرلار توپلىمىنىڭ تېخىچە نەشر قىلىنمىغانلىقىدىن پەرىشان بولۇپ سۆزلىدى.

— كۆكۈللىرىنى بۇزمىسلا — دېدى ھاجى قۇتلۇق قادىرى — خۇدايىم بويرىسا، توپلاملىرىنى بىز نەشر قىلىمىز.

ھاجى قۇتلۇق قادىرىنىڭ بۇ سۆزى نوقۇل تەسەللىي كۆچىدىنلا دېيىلگەن بولماستىن، يەنە ئەقلىي ئەمگەكنىڭ قەدرىگە نىسبەتەن ۋىجدانى ئىنكاسىمۇ بار ئىدى. ئۇ «توپلاملىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرىلا» — دەپ قوشۇپ قويدى.

شائىر ياستۇقىنىڭ تېگىدىن بىر كىتابنى چىقاردى — دە، ھاجى قۇتلۇق قادىرىغا ئۇزاتتى ۋە «نۆۋەتتىكى كىتابىمنىڭ نەشرىدە پايدىلىنارسىز» — دېدى. بىز خوشلاشتۇق. ياتاقتىن چىقىپ 5 ـ 4 قەدەم مېڭىشىمىزغا، مېنى شائىرنىڭ كېسەلگە قاراۋاتقان ئوغلى چاقىردى. كەينىمگە يېنىپ ياتاققا كىردىم. شائىر مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «نەشر قىلىنماقچى بولغان توپلىمىمغا ئىلاۋىنى سىز يازغان بولسىڭىز» — دېدى. «خاتىرجەم بولىسىلا» — دېدىم مەن.

يول بويى شۇلارنى ئويلىدىم:

ئەدىب ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىنى بېيىتىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۆرەش قىلدى. ئۇ ئەرەب، پارس، روس، خەنزۇ تىللىرىدىكى نۇرغۇن يىرىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدى. ناۋائىي، نىزارى، خىرقىتى قاتارلىق كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ بىباھا ئەسەرلىرى ئۇنىڭ مېھنىتى ئارقىلىق كۆڭلىمىزگە ھەممەت ياغدۇسى چاچتى. دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كاتتا نامايەن شولوخوفنىڭ «تىنچ دون» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دەل مۇشۇ قەلەم ساھىبىنىڭ ئىجتىھاتى نەتىجە-

ىسىدە كىرىپ كەلدى.

شۇبھىسىزكى، «تىنچ دون» زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئۇچۇن ئىبىل بىر مەكتەپكە ئايلاندى يازغۇچىلىرىمىز تارىخىي چىنلىقنىڭ پىروزىدىكى كۈچىنى ئەدەبىياتنىڭ خەلق تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان يۇقىرى سۇپەتلىك ئەدەبىياتىنى «تىنچ دون» ئارقىلىق ئەمەلىي كۆرۈپ يەتتى دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ. «تىنچ دون»نىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئىستېتىك دۇنياسىغا زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا رەھمىتۇللا جارىنىڭ ئەدىپلىك سەلتەنەتى ئۈچۈن يېتەرلىك. مۇشۇ يەردە قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپىمەنكى، بىز تېخى ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ كاتتا ئەھمىيىتىنى كۆرۈپ يېتەلمىدۇق نادىر ئەدەبىي تەرجىمە بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىغا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەشۇ مىللەتنىڭ ئانا تىلىدىكى بەدىئىي ئىپادىلەش كۈچىنى دۇنياۋى پەللىگە كۆتۈرىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە مىللىي تىللارنىڭ دوستانىلىقتا باي ئولىمپىك مۇسابىقىسىدۇر. مىللىي تىل مۇشۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى ئاشۇرىدۇ. بىز ئەدەبىي تەرجىمانلىرىمىزنى بەدىئىي ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقىمىزنىڭ دائىرىسىگە جىددىي كىرگۈزۈشىمىز كېرەك.

رەھمىتۇللا جارى كۆپ تىللىق ئەدەبىي تەرجىمان ۋە شائىر. ئۇ 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ شاھىدى ۋە پائال ئىشتىراكچىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى تارىخقا ئۆلمىنىشىدا چەكلىك نەچچە ئون

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەدىپلىرىمىز قاتارى ئۇنىڭمۇ بىر كىشلىك قان ـ تەرى بار. تالاي زامان شائىرلىرىنىڭ كىتابلىرى بىمالال نەشر قىلىنغان يەردە، ئۇنىڭ شېئىر توپلىمى ئاللىبۇرۇن نەشر قىلىنىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. مانا، مەرھۇمنىڭ قەبرىسىنى گىياھلار بېسىپ بولدى، ئۇ نەشر قىلىنغان توپلىمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. شائىر ئەرەپ مۇتەپەككۇرى ئەللامە زەمەخشەرىيىنىڭ «نەۋابىغۇل ـ كەلەم» («جۇشقۇن سۆزلەر») ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلغان ئىدى. مەزكۇر ئەسەردىكى مۇنداق بىر سۆز ئېسىمدىن كەچتى: «ئۆتكەن زامانلاردا ئىلىم ـ پەزىلەت ئىگىلىرى پادىشاھلاردىن ئېغىرلىقى ئۆزى بىلەن تەڭ ئالتۇنلارنى ھەدىيە ئالاتتى. ئەمما، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئالىملارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئازىيىپ، ئىت ـ مۈشۈكلەر ئۇلاردىن ئۈستۈن بولۇپ قالدى».

رەھمىتۇللا ئەپەندى ھاجى قۇتلۇق قادىرغا بەرگەن ھېلىقى كىتاب ئۆزىنىڭ «قەلب سۆزى» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى ئىدى. ئىلاۋە يېزىش يۈزىسىدىن كىتابنى كۆرۈپ چىقتىم ۋە ھەيرانلىق بىلەن شۇنى بايقىدىم:

شائىرنىڭ شېئىرىيەت ۋىژدانىغا خىلاپ ھالدا تەۋرەتكەن قەلەملىرىمۇ خېلى بار ئىكەن، ئۇ بۇلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن سىزىپ تاشلاپتۇ. خاتالىقنى تۈزۈتۈش بىرگەپ، ئۇنى تونۇپ يېتىشنىڭ ئۆزىمۇ باشقا گەپ. خاتالىقنى تونۇش ھالال ئەقىدىنى، تۈزۈتۈش بولسا جاسارەتنى تەلەپ قىلىدۇ. كېسەل ئازابىدا ياتقان شائىرئۆزىنى ھالال ئەقىدىنىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرىغا تاپشۇرۇپ، ئۆتمۈشتىكى يەڭگىلتەك قەلەم

ئىزلىرىغا دادىل سوت ئاچالىغان. شائىر ۋە شائىرنىڭ زامان-
داشلىرى باشتىن كەچۈرگەن دەۋر كىشلەرگە نېمىلەرنى دى-
گۈزمىدى، نېمىلەرنى يىگۈزمىدى؟ زامان بىزنىڭ ئەدىپلى-
رىمىزگە زامانغا لايىق زۇۋانىسىزلىقنى تاڭدى، ئۇ گويا
يېڭى بىر ئەنئەنىگە ئايلىنىپ، بىزدە مەخسۇس كالىندار
ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى. لېكىن، تارىخ ئەخمەق ئەمەسته!
تارىخ ئۆزىنىڭ ھەقىقەت رەمزىنى ئاقىللارغا يوشۇرۇن ئىما
بىلەن كۆرسۈتۈپ، بىر مەزگىللەردىن كېيىن ئاشكارىلايدۇ.
نەتىجىدە، بولۇپ ئۆتكەن يۇزەكى ئىشلار ناھايىتى كۈلكىلىك
بولۇپ چىقىدۇ. ئەدىپ رەھمىتۇللار جارى باقىي دۇنيانىڭ
بوسۇغىسىنىڭ يېقىن كەلگەندە، ئۆمۈر ئىزلىرىنىڭ ئەستا-
يىدىل سەپ سېلىپ، خاتا باسقان قەدەملىرىنى ھېس قىلىش
بەختىگە مۇيەسسەر بولالىغان، راستىنى ئېيتقاندا، بۇمۇ بىر
ئامەت، بۇنداق ئامەتكە ھەممە ئادەم ئېرىشەلىگەن ئەمەس،
ئۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۆزگىچە تۇيغۇنلۇق، ھەقىقەتكە نىسبەتەن
ئاشىنالىق كېرەك بولىدۇ.

20 ـ ئەسىر ئېزىقىش ۋە تەمتىرەش كۆپ بولغان
ئەسىر. ئەگەر ئازغانلارنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە،
بىزدە ئەدىپلەرمۇ بىر ـ بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ تەكرار ـ
تەكرار ئازغان نىجاسەت ۋە سېسىقچىلىق بىلەن تولغان
مۇھتقا سىڭىپ كەتمەيدىغان چىلىك تاھارەت ئاز بولسا كېرەك.
بىر چاغلاردا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ بىز ياشلارغا
تەۋسىيە قىلىپ شۇنداق دېگىنى ئېسىمدە: «ساھىبى ئەلەم-
لەرنى يەڭگىللىك بىلەن ماختىماڭلار، قەلەم ئۇلار ئۈچۈن
مەھكۇم بولۇپ قالمىسۇن، بۇ خۇسۇستا مېنىڭمۇ ئاچچىق

ساۋاقلىرىم بار»
توغرا سۆز ئادەمنى ئېزىز ۋە مۆكەررەم قىلدى. سۆزلەرنى بۇلغاش، سۆزلەرنىڭ كۈرىسىنى چۇشۇرۇش بىر قەۋمنى قەدىرسىزلىككە ئېلىپ بارىدىغان خەتەرلىك يول شېئىرى تىل، تىل مۇنارىنىڭ ئۇستىدە نۇر چېچىپ تۇرىدىغان گۆھەر شائىرلار بۇ گۆھەرنى جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ قەستىدىن مۇھاپىزەت قىلىدىغان پىدائىلادۇر.
شائىر رەھمىتۇللا جارىنىڭ «قەلب سۆزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا قارىسام، تۆۋەندىكى مىسرالارنىڭ يېنىغا ئاپتورنىڭ ئۆزى قىزىل قەلەم بىلەن سىزىپ، ئالاھىدە بەلگە قىلىپ قويۇپتۇ. مەن بۇ مىسرالارنى شائىرنىڭ ھەقىقىي قەلب سۆزى دەپ قارىدىم:

لېكىن، بۇ ھايات بىزدە مەناسىز،
كۈنلەر ئۆتمەكتە، ئۇپۇق زىياسىز.
بىلمەيمەن، نىچۈن زامان ۋاپاسىز،
خەلقىم بارىدۇ، ھەنۇز داۋاسىز.
بۇ ۋەتەن بولىمىش خەستە ئۇچىقى.

شېئىر ئۆزىنى بايقاش سەنئىتى لېكىن، بۇ بايقاشنىڭ تېگىدە قانداق ئازابلار بار، بۇنى پەقەت شائىرنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ.

# مۇندەرىجە


دوستۇمنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە يېزىلغان نەزمە ......... 1
بىزنىڭ باغ ............................................ 3
... غا ................................................... 5
دىققەت قىلىڭ ......................................... 7
كۆرمىدىم ............................................... 9
ۋاقىت ۋە ئۆمۈر ....................................... 11
قەدىمىڭ قۇتلۇق سىنىڭ .............................. 13
ۋەتەن يولىدا ........................................... 15
يېڭىلمەس غايە ......................................... 17
كاشغەر ................................................... 19
تەڭشەلمىگەن جاھان ................................... 21
سىڭلىمغا ................................................ 23
ياش سەنئەتچىلەرگە ................................... 25
يىللارغا سوئال ......................................... 27
ئۇيغىنىڭ! ............................................... 29
ئىشلەشنىڭ چېغى ...................................... 30
سوغاق ................................................... 32
ھەممىدىن ئارتۇق سۆيگۈم سەن ئۇچۇن ............ 34
پۇشايمان ئوتىدا يانىمەن ھامان..................... 37
باھار ھەققىدە غەزەل................................... 39
ئۇلۇغ ۋەتىنىمگە ........................................ 41

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دېھقان قىزى ........ 43
ئوت يۈرەك شائىر ........ 45
قەشقەر ........ 47
بۇلبۇل قايتا سايرىدى ........ 49
ئوغلۇمغا ........ 51
ۋەتەنگە ........ 53
شائىر نىمشېھىتقا ........ 55
ئۇلۇغ توي ........ 57
بىر كۆرۈشكەن چاغ ھامان ئېسىمدە ........ 59
خەلقىمنىڭ شۆھرىتى ........ 62
بېغىمغا قىل قەدەم تەشرىپ ........ 64
شائىرە سىڭلىمغا ........ 66
قەلىمىم ........ 67
قەلبىمگە ........ 69
شىمالغا سەپەر ........ 71
بوستانلىق شەھەر ........ 73
شان ـ شەرەپ كىمنىڭ؟ ........ 75
ئافرىقا سەگەك ........ 77
بىر كېلىپ مېھمان بولۇڭ ........ 79
پۇرسەتنى كەتكۈزسەك خاتا ........ 81
قارماي ........ 83
جەرەنبۇلاق ........ 85
سايرام ........ 87
كەڭساي ........ 88
گۈزەل ئىلى ........ 89
مەقبەرە ئالدىدا ........ 92

مۇشائىرە ........................ 95

ئارا ئۆستەڭ ........................ 97

كونەستە بايرام ........................ 99

نىلقا ........................ 101

سېغىنىپ كەلدىم ........................ 104

مۇئەللىم ........................ 106

شائىرنىڭ خاتىرىسىگە ........................ 107

تىيىپجان ئېلىيوپقا ........................ 109

ئەلۋىدا شائىر ........................ 111

ئانا تىلى ........................ 113

ئالتۇن كۆز ........................ 115

مەرھابا، نورۇز! ........................ 117

تۈگىمەس ئالقىش ساڭا ........................ 119

لۇتپۇللا مۇتەللىپ تەۋەللۇدىنىڭ خاتىرىسىگە ........................ 120

بولما ........................ 122

يېڭى يىلغا ........................ 123

لۇكچۇڭغا مەدھىيە ........................ 125

قالمىدى ........................ 127

يۈرەك سۆزى ........................ 129

ياخشى نامى باقىي قالدى جاھاندا ........................ 131

رۇبائىيلار ........................ 133

كۆڭلۈمدە قالماس ئارمىنىم ........................ 137

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# دوستۇمنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە يېزىلغان نەزمە

ئالدىم قەلەمنى، ئەيلەپ جاسارەت،
دوستلۇق ھەققىدە باشلاي ھېكايەت.

•

مەن بىر ھەۋەسكار، نەزمەمدە تەم يوق،
دىل رىشتىسىگە بولسۇن كاپالەت.

سەن بەردىڭ ئىلھام، روھلاندى كۆڭلۈم،
بۇ ئىلتىپاتتىن شادمەن ناھايەت.

بىر ئىزگۇ ھەۋەس شەيداسى بولدۇم،
قەلبىمدە پەيدا ئوتلۇق ھارارەت.

دوستسىز ھاياتنىڭ مەناسى يوقتۇر،
دوستسىز بىغىمدا كۆڭۈلسىز ھالەت.

دوستلار سۆھبىتى دىللارغا ئارام،
دوستلار بەزمىسى كۆڭۈلگە راھەت.

كۆپ بولسا مالىڭ، سەرپ ئەت، ئايانما،
دوستلار ئۈچۈن سەن سالغىن ئىمارەت.

چىن دوستنى ئىزلە، ۋاپانى كۆزلە،
بىر كۈن تاپارسەن، چەكسەڭ رىيازەت.

كۈن چۈشسە باشقا، چىن دوست مەدەتكار،
قايغۇرما قىلچە، بولما خىجالەت.

كۆپ بولسا دوستۇڭ، ئاۋات بوسۇغاڭ،
دوستلار كۆپەيسە، جاھان پاراغەت.

بەس قىلدى جارى سۆزنى شۇ يەردە،
ھەر جايدا بولساڭ، بولغىن سالامەت.

1945 ـ يىل، ماي، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىزنىڭ باغ

يەر يۈزىگە داڭقى كەتكەن ئەڭ گۈزەل بىزنىڭ بۇ باغ،
قويىندۇر ئالتۇن قۇياشلىق، ھۆسنى گۈلزار ھەممە چاغ.

خۇددى جەننەتتۇر ھاۋاسى، مىسلى كەۋسەر سۇلىرى،
بۇندا بوي سوزغان پەلەككە نامى مەشھۇر تەڭرى تاغ.

ياپ - يېشىل يايلاقلىرىدا ئاق بۇلۇتتەك قويلىرى،
پاقىراپ توپ - توپ بولۇپ ئويناپ يۈرەر يىلقا - ئۇلاغ.

كەڭ دالا، چەكسىز ئېتىزدا يەلپۈنەر ئالتۇن باشاق،
مۆجىزاتتەك يەردە خامان قەد كۆتەرگەن مىسلى تاغ.


زوق بېغىشلار شاختىكى ئۆرۈك، ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئانار،
شەربىتى تىلنى يارار، گويا ھەسەل، گوياكى ياغ.

رەڭمۇ - رەڭ، قات - قات ئېچىلغان گۈللىرى ھەيھات گۈزەل،
ئەتىردەك خۇشبۇي ھىدىدىن مەست بولۇر دەرھال دىماغ.

خۇش ناۋا ئەيلەپ سەھەردىلكەش دەرەخلەر ئۈستىدە،
سازچى قۇشلار گۈلگە ئېيتار: «تۇر، ئېچىل، بۇ ۋەسلى
چاغ!»

باغىمىزنىڭ خىسلىتىنى يازسا ـ يازسا تۈگىمەس،
شۇ سەۋەپتىن قىلدى جارى ئازغىنا تەئرىپى باغ.

1946 ـ يىل يانۋار، قەشقەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ......غا

قاچانكى ساڭا جانان كوچاڭدا مەن دۇچار بولدۇم،
كۆرۈپ ئايدەك جامالىڭنى بۆلەكچە بىقارار بولدۇم.

بۇ ئىشىق بازارىدا سەندەك گۈزەلنى كۆرمىدىم ھەرگىز،
شۇڭا ۋەسلىڭگە دەرھاللا جېنىمدىن خېرىدار بولدۇم.

ئەگەرچە بولسىمۇ دۇنيادا كۆپ مەھبۇبى جانانلار،
ئۇلارنى قىلمىدىم مەنزۇر، ساڭا جاننى ئاتار بولدۇم.

كېچە - كۈندۈز خىيالىمدىن، نىگارىم، ھەرگىز كەتمەي-
سەن،
سېنىڭ ئىشقىڭدا ئۆرتەندىم يەنە ھەم دىلپىگار بولدۇم.

ماڭا تەلەي ئەمەسمۇ سەن كەبى جانانىنى يار تۇتماق؟
سېنى دەپ ھەر زامان، ئەي گۈل، ئەزىز جاندىن كېچەر
بولدۇم.

مالامەت قىلىسمۇ مەيلى، كۆرەلمەي مېنى ئەغيارلار،
بوسۇغاڭغا يۈزۈم ھەردەم سۈرۈتمەككە بىزار بولدۇم.

نە بولغاي بىر نەزەر سالساڭ، ماڭا رەھىمىڭنى كەم قىلماي،
بىسەپ تاشقا بۇ باغرىمنى يولۇڭغا ئىنتىزار بولدۇم.

ماڭا لۇتپۇڭنى كەم ئەيلەپ، قىزارتىپ قويما سەن ھەرگىز،
ھامان ئەغيار ئالدىدا خىجىل، بىئېتىۋار بولدۇم.

بولۇپ ساقى چىمەن ئىچىدە قەدەھنى دەمبەدەم تۇتقىن،
مەيىڭگە لەۋلىرىم تەشنا، ئەجەبمۇ بەدخۇمار بولدۇم.

نىگارىم، خەستە جارىغا ۋىسالىڭدىن داۋا ئەيلە،
تېنىمدە قالمىدى دەرمان، پىراقىڭدا بىمار بولدۇم.

1946 ـ يىل فېۋرال، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## دىققەت قىلىڭ

دوستلىرىم، ھەر ئىشتا سىز دىققەت قىلىڭ،
ياخشى ئىشنى دىلدە سىز نىيەت قىلىڭ.

ئەسكى ئادەت ھەم يامان خۇلقتىن قېچىپ،
ياخشى خۇلقنى ھەر زامان ئادەت قىلىڭ.

ئەلنى سۆيمەكتۇر گۈزەل خۇلقنىڭ بىرى،
قايدا بولسا ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىڭ.

سىز ئۈچۈن چەككەن جاپا ئاتا ــ ئانا،
كۆڭلىنى خۇشنۇد قىلىپ ھۆرمەت قىلىڭ!

يۇرتىڭىزنى گۈللىتىشكە ھەر زامان،
تەر تۆكۈپ، ھەر كەسىپ بىلەن مېھنەت قىلىڭ.

ناتىۋانلارغا ھامان ئەيلەپ مەدەت،
كۆڭلىنى شاد ئەيلىبان شەپقەت قىلىڭ.

ساقلىغىنىز ئەدەب ئۆلۈغلار ئالدىدا،
چوڭچىلىقتا ئوت ئېچىلىك، غەيرەت قىلىلىك.

ياخشىلارنى دوست تۇتۇڭ، قەدرىن بىلىپ،
چىن ساداقەت ئەھلىگە ئۇلپەت قىلىلىك.

ياخشى ئىش ھاسىل بولۇر سۆھبەت بىلەن،
ھەر زامان چوڭلار بىلەن سۆھبەت قىلىلىك.

ئۆگىنىلىك ھەم ئۆگىتىلىك ھىممەت بىلەن،
ئۆگىنىشكە بارچىنى دەۋەت قىلىلىك.

تىلنى سىز بىھۇدە سۆزدىن ئاسرىبان،
دۇرغا ئوخشاش سۆزنى سىز قىممەت قىلىلىك.

جارى ئەيلەڭ ئىقتىدارنى سەھنىدە،
ئۈنچە - مەرۋايىت كەبى سەنئەت قىلىلىك.

1946 - يىل ئاپرېل، قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

## كۆرمىدىم

ئەي پەلەك نە قىلمىشىڭ سەندىن سائادەت كۆرمىدىم،
باشىمە سالدىڭ بالالار، بىرمۇ راھەت كۆرمىدىم.

تەلىيىمنى ئەيلىدىڭ كاج، كۆڭلىمنى غەمكىن قىلىپ،
دەھرىدىن شاتلانغىدەك زەررە قانائەت كۆرمىدىم.

ئىچمىدىم بىر قەترە تۇرمۇش جامىدىن شەربەت تۇزۇك،
ئۆتتى كۈن غەم - غۇسسە بىرلە، قىلچە لەززەت كۆرمە-
دىم.

داد - پەرياد، ئەي پەلەك، بىدادلىغىڭدىن ئاھكىم،
باغ ئىچىدە خۇش پۇراقلىق گۈل نازاكەت كۆرمىدىم.


ياخشىلىق قىلسام بىراۋغا، ئۇ ماڭا بولدى يامان،
ھەر قاچاندا ياخشىلىقتىن بىر ئالامەت كۆرمىدىم.

بار ئىدى ئاۋۋالدا بىزدە چىن ئىناقلىق ھەم ۋاپا،
ئەمدى دوستلار سۆزلىرىدە چىن ساداقەت كۆرمىدىم.

بۇ جاھالەت دەستىدىن خارلىقتا قالدۇق بىز بۇگۇن،
مەن پەلەكنىڭ ئىشلىرىدە ھېچ ئادالەت كۆرمىدىم.

ئۆتكۈزۈپمەن كۆپ ۋاقىتنى مەنىسىز غەپلەت بىلەن،
ۋاي ئىسىت! ... ئۇندىن يامانراق ئەسكى ئىللەت كۆرمە-
دىم.

1946 ـ يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ۋاقىت ۋە ئۆمۈر

قۇلىقىمغا ھەردەم چىكىلداپ،
سائەت تاۋۇشى ئاڭلىنار ئىدى.
توختىماستىن مىلى پىرىلداپ،
دەمبەدەم ئۇ ئايلىنار ئىدى.

ياسىلار مىنۇت ـ سائەتتىن كۈن،
«ۋاقىت ئىكەن بەك ئالدىراڭغۇ»①
تۈيۈلار ماڭا، ھەر كۈن تاڭ ئېتىپ،
بىردەمدىلا چۈشەر قاراڭغۇ.

ئۆمۈر ئۆتەر سۈنىڭ سىڭارى،
ئىنسان قالىدۇ پەقەت تۈيماي.
خازان بولۇر ياشلىق باھارى،
يىللار ئاخىر ئېلىپ كېتەر قويماي.

ئۆتتى شۇنداق چەكسىز ئەسىرلەر،
كارۋاندەك تىزىلىشىپ بىر ـ بىر.

① قوش تىرناق ئىچىدىكى مىسرالار شائىر ل. مۇتەللىپتىن ئىقتىباس

كەتتى قانچە باھادىر ئەرلەر،
ئۆلۈمگە قىلالماي ھېچبىر تەدبىر.

لېكىن باش ئەگمەس يىللارغا ئىنسان،
ئۆتسە ـ ئۆتسۇن قىلمايدۇ پەرۋا،
ئىنسان ئىلكىدە بولۇر ھەر ئان،
كۈرەش، ئىجاد دائىم ئاڭا ھەمراھ.

تىرىك قالىدۇ ياخشىلار شۆھرىتى،
تۇتقاندىمۇ ئەجەلنىڭ دامى.
«ئىجادچىلار ئۆلمەيدۇ ئەسلا»
قالار ئۇلارنىڭ ياخشى نامى.

يىللار! ئۆتمۈشنى ھەردەم ئەسلەپ،
يادىمدىن چىقارماي تۇرارمەن.
ياخشىلار ئىزىنى دەسسەپ،
مەنمۇ كۈرەش ئېلىپ بارارمەن.

1947 ـ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# قەدىمىڭ قۇتلۇق سىنىڭ

ئۇھ، بۇگۈن بايرام ئىكەن، ئۇستۇڭدە باشقا خىلئىتىڭ①
خوپ ياراشقان سەرۋىدەك قەددىڭگە دىلبەر زىننىتىڭ.

بۇ گۈزەللىك بۇ لاتاپەت ئەيلىدى مەپتۇن مىنى،
قىلدى ئاپتاپنى خىجىل بۇ نۇر جامال، بۇ تەلئىتىڭ②

تۈن ۋە كۈن ئىشىگىڭدە يۇردۇم، چىقىسا دەپ يارىم سىنى،
چىقتىڭ جانىمغا ئاتەش سالدى زىبا قامىتىڭ.

ئاي يۈزۈڭگە ئاشىقانە بىر نەزەر تاشلاپ ئىدىم،
قاشلىرىڭ ئوق ئاتتى دەرھال، قىلچە يوقكەن شەپقىتىڭ.

مەيلى قىينا، مەيلى كۆيدۈر، قەدىمىڭ قۇتلۇق سىنىڭ،
ھەممىدىن دىشۋار ماڭا كۆيدۈرسە ھىجرىڭ، پۇرقىتىڭ.

---

① خىلئەت ـ كىيىم مەنىسىدە.
② تەلئەت ـ يۈز، چىراي، تەلەت.

خالىساڭ، جانۇ - تېنىمنى سەن ئۈچۈن ئەيلەي نىسار،
كۆتىرەي يۈكۈڭنى ھەردەم، بولسا تاپشۇر خىزمىتىڭ.

مەن ھېسابلار مەن ئۆزۈمنى بەختلىك دەپ ئۇشبۇ ئان،
گەر مۇيەسسەر بولسا، دىلبەر، باغ ئىچىدە سۆھبىتىڭ.

يار، ساڭا كۆڭلۈمنى بەردىم، يۈزلىرىمدىن بىل بۇنى،
شادىمان قىل بىر سوراپ ھالىمنى، بولسا پۇرسىتىڭ.

1947 - يىل، مارت، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ۋەتەن يولىدا[1]

ۋەتەندە ئاتسا ھۆرلۈك تاڭ، كۆڭۈلنى شاد قىلىمىز.
ۋەتەن مۇھەببىتىنى جان ئىچىدە ياد قىلىمىز.

ۋەتەن دىيسە بىرىمىز مالۇ ـ جانىمىز ئايىماي،
ۋەتەن يولىدا كۆكرەكنى مىسلى پۇلات قىلىمىز.

زامانغا بىز نەزەر سالساق، ئىستىقبالىمىز پارلاق،
كۆڭۈلنى بىغۇبار ئەيلەپ، غەمدىن ئازاد قىلىمىز.

ئىغىر مۇشەققەت بىلەن كۈرەش قىلىپ داۋان ئاشتۇق،
نىشانغا يەتمەك ئۈچۈن يەنە ئىجتىھاد قىلىمىز.

كىلەر زەپەر ـ غەلىبە بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق،
كۈرەش سىپىنى قۇرغاندەك مەھكەم بۇنى ياد قىلىمىز.

---

[1] ئۈچ ۋىلايەت رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئەينى چاغدىكى بىر نۇتقىنى قوللاپ يېزىلغان.

بۇ كۈندە ھەر خىل ئىغۋالار قۇلاققا زادى ياقمايدۇ،
ھىلىگەرلەر پىلانىنى تېزدىن بەرباد قىلىمىز.

يوقالسۇن مەڭگۇ تەڭسىزلىك، ئورنىسۇن باراۋەرلىك!
خەلقىمىزنىڭ ھۆرلۈكىنى ئالىي مۇراد قىلىمىز.

1947 ـ يىل مارت، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يېڭىلمەس غايە

(شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «تىگرىقماي مەن» ناملىق شېئىرىغا تەقلىد)

يېڭىلمەسكە ئۈمىدىم زور، بېشىمغا ھەر بالا كەلسۇن،
تۇرارمەن قەتئىي مەيداندا، قېلىچ ـ شەمشەر ماڭا كەلسۇن.

تۇغۇلدۇم مەن بۇ دۇنياغا، مېنى قەيت قىلدى بىر مەھبۇب،
كۆيەرمەن ئىشىق ئوتى ئىچرە، جاپا ياكى ۋاپا كەلسۇن.

تەبىئىي، ساپ بۇ روھىمنى قىلالماس ھېچ كىشى تەبدىل[1]
بۇزالماس ئېتىقادىمنى تۇمەن كۈلپەت ـ جاپا كەلسۇن.

چىقىپ مەن بىر كۈنى ناگاھ، مۇشەققەت يولغا بەل باغلاپ،
بۇ يولدىن زادى يانماسمەن، زەھەرلىك ئەجدىھا كەلسۇن.

ئۇياتتۇر ئەمدى سۇلدۇرسام بېغىمدا ياشنىغان گۈلنى،
خازان قىلماسمەن باغىمنى، سوغاق ـ جۇتلار ئاڭا كەلسۇن.

---

① تەبدىل ـ ئۆزگەرتىش مەنىسىدە.

قىلارسىز ئەي ھەسەتخورلار ماڭا ھەر قىسما بوھتاننى،
نە تەسىر بۇ ۋۇجۇدۇمغا، تۆگەتمەس ئىختىرا[1] كەلسۇن.

ۋەتەن، خەلق بەختىنى كۆيلەش، مېنىڭچە، زور شەرەپلىك
ئىش،
مۇرادىم ئوپ - ئوچۇق تۇرسا، ماڭا قانداق گۇناھ كەلسۇن؟

ئەجەپ مەس ئىزلىرىم قالسا، قۇياشتەك يالتىراپ ئۆچمەي،
غېرىپ جىسمىم يېمەس قايغۇ، ئەجەل سەندىن قازا كەلسۇن.

1947 - يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

---

① ئىختىرا - تۆھمەت مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# كاشغەر[1]

بۇ گۈلىستان يۇرتىمىزدا لالە زاردۇر كاشغەر،
ئۆلكىمىزدە خۇش ھاۋالىق بىر دىياردۇر كاشغەر.

كاشغەر دەپ نامى چىقسا بىلمەيىن قالماس كىشى،
«ئەلگە ئەزىز، مەشھۇر شەھەر» دەپ نامداردۇر كاشغەر.

تۇپرىقى زەر، تېشى گۆھەر، خۇددى ياقۇت تاغلىرى،
باغلىرى جەننەتكە ئوخشاش مېۋىزاردۇر كاشغەر.

تىل يارار ئەنجۇر - ئانارى، ئۈزۈمىدۇر پۇر باھا،
قوغۇنى دەرتكە شىپا - تەڭگە مادار دۇر كاشغەر.

تۈت تەرەپ گۈلزار، چىمەن باغ، رەڭمۇ - رەڭدۇر گۈللە-
رى.
ياپ - يېشىل قويىنى ئۇنىڭ، دائىم باھاردۇر كاشغەر.

---

① ئازاتلىقتا قەدەر قەشقەرنىڭ ئىسمى يازما تىلدا «كاشغەر» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن-
دى. شېئىرنىڭ ۋەزنى ئېتىبارى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا يېزىلغان تەلەپپۇزى ساقلاپ قېلىندى.

مەرىپەت ھەم ئىلمۇ ـ پەننىڭ گۈلشەندۇر ئەسلىدىن،
تۆھپىسى ئىنسانىيەتكە ئاشكاردۇر كاشغەر.

«لۇغەتتىن تۈرك» ساھىبى مەھمۇد ئاتالدى كاشغەرى،
يۈسۈپ خاس ھاجىب بىلەن ھەم ئىپتىخاردۇر كاشغەر.

قىسقا قىلدىم مەن تېخى، قىلماي ئۇزۇن تەۋسىپنى،
قانچە يازسام مەن بۇ ھەقتە شۇنچە باردۇر كاشغەر.

تەلىيىم باركى، تۇغۇلدۇم شۇ شەھەرنىڭ قوينىدا،
تۈن ۋە كۈن كۆڭلۈم تۆرىدە بەر قارار دۇر كاشغەر.

1947 ـ يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

# تەگشەلمىگەن جاھان

جاھاندا ئەڭ ئۇلۇغدۇر ئادىمزات،
يارالمىشتۇر ئەزىز ھەم زاتى ئالىي.

ئۇنىڭغا بويسۇنار ھەردەم تەبىئەت،
بۈيۈكتۇر قۇدرىتى، يۈكسەك كامالى.

ئادەم قىلغاننى بىلمەس باشقا ھايۋان،
بولالماس كەمچىلىكتىن ئەمما خالى.

لېكىن ئوخشاش ئەمەس تۇرمۇشتا ئىنسان،
بۆلەك ھەر قايسىسىنىڭ پىكرى - خىيالى.

بىرى ئالىم، بىرى كاسىپ، ھۆنەرمەند،
بىرى دېھقان، بىرى مۆمىن زىيالىي.

بىرى ساھىپ پاراسەت ھەم ئەقىللىق،
ئۇنىڭ قىلغان ئىشى قىممەت باھالى.

بىرى سەتتۇر، لېكىن ئەخلاقى ياخشى،
گۈزەلدۇر بىرسىنىڭ ھۆسنى ـ جامالى.

بىرى ئىشان ئۆزىنى «پىر» ئاتايدۇ،
ئىشەكتىن پەرقى يوق ھايۋان مىسالى.

بىرىدۇر نەپسى تويماس ئاچكۆز موللا،
ئۇنىڭ سەرمايىسى: سەللە، ساقالى.

سائادەتتە ھامان جاھىل ـ نادانلار،
زىيالىنىڭ ئېغىر ھەر ئاندا ھالى.

بىرى ئۆز ئەمگىكىدىن بەھىر ئالالماس،
ھېسابسىزدۇر بىرىنىڭ مۈلكى مالى.

قاچاندا بولغۇسى تەڭلىك ـ مۇساۋات؟
بۇ خىل تۇرمۇش ئىكەن راھەت ـ جاپالى.

1947 ـ يىل سىنتەبىر، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# سىڭلىمغا

يۈزۈڭنى بىر ئېچىپ كۆرسەت، جامالىڭ ئاپتاپ ئەيلەپ،
نىچۈن ئاچماس سەن، ئەي مەھبۇب، يۈزۈڭگە سەن نىقاپ
ئەيلەپ.

سېنى قۇللۇقتا خار قىلغان قاراڭغۇ تۈنلىرىڭ ئۆتتى،
نەسىپ دەپ شۇل قارا تەقدىر، تۇرامسەن ئىجتىناب ئەيلەپ①

قاراڭغۇ، كۈن نۇرى چۈشمەس جەھەننەم ئۆيدە قان يۇتتىڭ،
سېنى بۇ يولغا سالدىلەر جاھىل موللا «ساۋاپ» ئەيلەپ.

ھاياتلىقتا كۆرۈپ ئۆتتۈڭ قاراڭغۇ گۆر ئازابىنى،
بېشىڭدىن كەتمىدى قايغۇ، ۋۇجۇدۇڭنى خاراب ئەيلەپ.

گۈزەل، ياش غۇنچىدەك باشىڭ باھارسىز ياشىنماي سولدى،
باھارنى سەن كۈتەر ئەردىڭ، يۈرەك ـ باغرىڭ كاۋاب ئەي-
لەپ.

---

① ئىجتىناب ـ كىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش مەنىسىدە.

يۈزۈڭ، باشىڭ، تىلىڭ بىرلە پۈتۈنلەي سەترىلەنگەنتى،[1]
سېنى ئەزدۈق، ئۇرۇپ بوغدۇق، رەھىمسىز كۆپ ئازاب
ئەيلەپ.

كەچۈرگىل سەن كەرەم بىرلەن، ئۇنۇت، قوي، ئەمدى ئەس-
لەنمە،
تامام بولسام، ئۇنى مەن يۈز كىتاب ئەيلەپ.

بۇ مەۋسۇمنى غەنىمەت بىل، يۈزۈڭ ئاچ، شاد - خۇرام
بول،
سېنى كۈتتۈم، ئەزىز سىڭلىم، بۇ دەم ئۇشبۇ خىتاب ئەي-
لەپ.

1947 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

---

[1] سەترىلەنگەنتى - پەرەنجە - چۈمبەت بىلەن ئورالغان ئىدى، دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ياش سەنئەتچىلەرگە

يۇرتۇمدا باھار بولدى، گۈزەل گۈل غۇنچىسى ياشنا!
ھەر يان ئېچىلىپ، جىلۋە قىلىپ، ناز ئىلە ئوينا.

سەنئەت بېغىدا ياپ - يېڭى گۈلزارلىك ئېچىلسۇن،
تۇغسۇن قۇياشلىك، پارلاق بۇگۈن نۇرلار ساچىلسۇن.

كۆرسەت بۇ جاھان سەھنىسىدە بار ھۈنەرىڭنى ،
ئال ئەندى قولۇڭغا بۇگۈن شانلىق زەپەرىڭنى.

ئەل - يۇرت تونۇسۇن گۈل كەبى دىدارىڭنى كۆرسەت،
ئەلگە نازۇك، نەپىس سەنئەت ئىلە دەپتارىڭنى كۆرسەت.

بۇ خىلدا كۆرۈپ ئەھلى جاھان ھەيرەتتە قالسۇن،
كۆرگەندە سېنى تەھسىن ئوقۇپ، غۇلغۇلا سالسۇن.

بىلسۇن، تونۇسۇن بارچە يېقىن، بارچە يىراقلار،
بۇلبۇلمۇ كۆرۈپ، زوققا تولۇپ، ئۇرسۇن چاۋاكلار.

بىلسۇنكى جاھان، بىزدىمۇ بار كۆركەم ئۇلۇغ ئىش،
بار سەندە تالانت، قىل قەنى بىركەررە نامايىش.

1947 - يىل نۇيابىر، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىللارغا سوئال

ئەي يىللار، مەنزىلىڭ يىراقمۇ ـ يېقىن،
قەيەرگە قارارگاھ ـ ئۆي بىنا قىلدىڭ؟
يارالغان ئىكەنسەن كاتتا بىر ئېقىن،
ئۆمۈرگە ئۆزۈڭنى ئەجدىھا قىلدىڭ.

ئەۋۋەلا ئالدىبان قوينۇڭ ئاچارسەن،
تۇيغۇزماي ۋاقىتنى ئېلىپ قاچارسەن،
سوڭرادىن رەھمىڭ يوق، زۇلمىڭ چاچارسەن،
راستىڭ ئېيت، كىملەرگە بىر ۋاپا قىلدىڭ؟

كۈن ئۆتۈپ، قىش بىلەن ياز ـ باھار كېلەر،
چېچەكلەر تاڭ ئاچار، ئاخشام تۆكۈلەر،
كۆپ ئۆتمەي ياشلارنىڭ قەددى پۈكۈلەر،
ئۆزلۈكسىز «سوغات»نى سەن ئاتا قىلدىڭ.

ئەجەلنىڭ دەستىدىن كىملەر قۇتۇلدى؟
دامىڭغا مەزلۇملار چۈشتى تۇتۇلدى.
بۇ ئەلدە ھېسابسىز قانلار تۆكۈلدى،
ئاتىدىن بالىنى سەن جۇدا قىلدىڭ.

قىنى ئۇ، كۆپ ئەزىز جانلار بەدىلى،
يوقمۇ ھېچ تۆكۆلگەن قانلار بەدىلى؟
بولمىدى شۇنچە كۆپ سانلار بەدىلى،
تۆھپىسىز كەلمەكنى ئىددىئا قىلدىڭ.

كېلىپسەن ئادەتچە كۆززۈمدە نەم بار،
بېشىمدا قايغۇ كۆپ، تۈگىمەس غەم بار،
نە بولسۇن ئىچىمدە؟ ھەسرەت - ئەلەم بار،
بۇ دەرتكە نە ئۈچۈن مۇپتىلا قىلدىڭ؟

جىسمىمنى ئەزدى كۆپ بۇ ئېغىر ھاللار،
ھەر كېچە ئۇيقۇ يوق، سۈردۈم خىياللار،
تاڭ ئاتماس، يا چىقماس يۇمشاق شاماللار،
تىزىلغان كۈنلەرنى قاپ - قارا قىلدىڭ.

خەلقىمنىڭ ھالىنى ئەسكە كەلتۈرسەڭ،
بىزدەكلەر نەدە بار ئاختۇرۇپ كۆرسەڭ،
نە بۇلۇر، ھۆر، ئەركىن بىز ئۆمۈر سۈرسەڭ،
بىلمەستىن ئىشىكنى سەن خاتا قىلدىڭ.

ھازىرچە ئۆتتۈپتۇر، قىستىماي سېنى،
دەۋاغا تارتارمەن ئاخىر بىر كۈنى،
رەنجىمە سۆزۈمدىن ئەپۇ قىل مېنى،
باشقىدىن بىر كۈنگە ئىبتىدا قىلدىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئويغىنىڭ!

ئەي ئالىملار①، خەستە②مىز كۆپ، نېگە قىلمايسىز داۋا؟
سىز بېرۇرسىز «پەن هارام» دەپ كۆپچىلىككە پەتىۋا.

يېڭىلىقتىن قورقۇسىزلار، ئاڭلىماي هېچ نەرسىنى،
بايقىمايسىز تۇرسا بىزدە تۈرلى - تۈرلى خەستەنى.

ياش سەبىيلەر، قىز - خاملار كەتسە مەكتەپكە قاراپ،
توختىتارسىز ئويلىماستىن ئۇلارنىڭ ئالدىن توراپ.

سىز ئاچىنمايسىز ئايالالار ئۆزگىگە باش ئەگسەلەر،
بىگۇناھ ياش غۇنچىلار تۇتقۇن بولۇپ ياش تۆكسەلەر.

سىزدە بار كېيىم، ساقالدا كۈندە مىڭ جاڭجال - تالاش،
نە قىلارسىز، ئۈستىمىزدە مۇشكۇلات كۆرسەتسە باش؟

ئويلىڭىزلار كەلگۈسىنى، بۇ زامان باشقا زامان،
ئاچمىساق يول ئىلمۇ - پەنگە هالىمىز بولغاي يامان.

1948 - يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.

① ئالىملار - بۇ يەردە مۇتەئەسسىپ موللىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② خەستە - كېسەل، ئاغرىق، ئىللەت.

# ئىشلەشنىڭ چېغى

خەلقىم بىر دەرەخ، كۆپتۇر ياپرىقى،
ئۆستۈرگەن ئۇنى ۋەتەن تۇپرىقى.
ۋەتەن خەلقىمنىڭ ئەڭ گۈزەل بېغى،
ئېچىلغان بىزگە كەڭرى قۇچىقى،
كۆرىمىز مۇندا ھايات قايىنىغى.

نە چاغ بار ئىكەن بۇ بۈيۈك دۇنيا،
ئەڭ ئاۋۋال چىقتى ھاياتتىن سادا،
بۇ ھايات ئىكەن ئۇلۇغ بىر دەريا،
توختىماس بىردەم، ئاقار دائىما،
كىم بىلەر، بۇنىڭ بارمۇ ئايىغى.

بۇ ھايات ئاقتى ئۇزۇن زامانلار،
قوينىغا چۈشتى ھېسابسىز جانلار.
شۇ ھايات بىلەن ئۆتكەن ئىنسانلار،
چۆللەرنى قىلدى باغۇ - بوستانلار.
قالدى ئۇلارنىڭ نامى - ئاتىقى.

شۇ خىلدا ئۆتكەن ئەجدادلار مۇندا،
ئىشلىگەن ئۇلار كۈندۈز ھەم تۈندە.

هاياتى شانلىق ئۆتتى ئاجۇندا[1]،
ۋەسىيەت قىلدى ئۆمرى سوڭىدا:
«ياشالڭ بىزلەردەك كۆزۈم چىرىغى!»

شۇنداق قىممەتلىك مىراسلار قالدى،
بۇ هايات ئېقىپ بىزگە تاقالدى،
ئۇلۇغۋار ئىشلار باش ئورۇن ئالدى.
ۋەتەن قايتىدىن مېھرىنى سالدى،
بۇ بىر نېمەتنىڭ كانى - بۇلىغى.

ئەمدى بولايلى ئىشلەشكە تەييار،
ئويلىساق بىزدە ئىشلار بەك ناچار،
ئىلمىي بىر ئىش يوق، قالاقلىقلار بار.
قانچە مۇساپە بىزگە ئىنتىزار،
ئالدىمىزدا بار يولنىڭ يىرىغى.

بىزگە بى لايىق غەپلەتتە يېتىش،
كېرەكتۇر ئەمدى خەلقنى ئاقارتىش.
قەرزدۇر ئەۋلادنى ئۆزۈن ياشارتىش،
ئېغىر ئەمەسمۇ، ۋاقىت يوقىتىش،
بۇزامان بىزگە ئىشلەشنىڭ چېغى.

1948 - يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.

---

① ئاجۇن - ئالەم، دۇنيا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سوغاق

تەلىيىم كەلدى دېدىڭمۇ؟ كەلسە زېمىستان، سوغاق،
ۋاھ ئەجەپكى، ئويلىدىڭمۇ: «بىر سۇرەي دەۋران»، سو-
غاق.

پەخىرلەنگەنسەن بولۇپ شاد ئازغىنا قىشنى كۆرۈپ،
سەن كۆرەڭلەپ ئامىتىم كەلدى دىبان ئەلئان، سوغاق.

توڭدۇرۇشنى ئويلىما، ئاز كۈچكە سەن مەغرۇر بولۇپ،
قورقىتارمەن دەپ كىشىنى ئەيلىمە گۇمان، سوغاق.

چىقىراپ يۈرسەڭمۇ ھېچكىم ئەيلىمەس پەرۋا ساڭا،
چۈنكى توڭماس ھېچقاچاندا دۇنيادا ئىنسان، سوغاق.

قايدا كۆرسە سەن سوغاقنى ياخشى كۆرمەس ھېچ كىشى،
رەنجىتەرسەن دوستلىرىمنى، قىلمىشىڭ يامان، سوغاق.

«غاقىراپئۇ شارقىراپ ئاققان ئەزىم دەريالىنى
ئوخشۇتۇپ قويغان ھېسىپتەك، توختىتىپ قويغان سوغاق»

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سەندە يوق ماختاشقا لايىق ئويلىسام ياخشى سۈپەت،
خاپا بولما قىپتۇ مېنى مەسخىرە دېبان، سوغاق.

سەن بىلەن تەستۇر چىقىشماق، ئايرىلىشمۇ يوقلا گەپ،
ئەمدى جارى چاقچىقىدىن بولمىغىن ھەيران، سوغاق.

1948 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

# ھەممىدىن ئارتۇق سۆيگۈم سەن ئۇچۇن

ئەي ئۇلۇغ يۇرتۇم سەنئەت ماكانى،
كۆڭلۈمنىڭ سۆيگەن گۈزەل جانانى،
ھەققىڭدە بۇگۇن بەرسەك باھانى،
ئارتۇق ئىكەنسەن، كەزدىم دۇنيانى،
ھەممىدىن ئارتۇق سۆيگۈم سەن ئۇچۇن.

بىر ئوت ئىچىدە ئۆرتەندى يۇرەك،
بۇ ئوت ئىشقىڭدۇر كۆيدۇرگەن بەكرەك،
تۇغۇلدۇم سەندە، سەن ماڭا تىرەك،
بارمىدۇر سۆيگەن مەندىنمۇ كۆپرەك،
ھەممىدىن ئارتۇق سۆيگۈم سەن ئۇچۇن.

شۇبھىسىز ئەنبەر، ئىبسىل تۇپراقىڭ،
بولۇپمۇ گۈزەل يېشىل يايلاغىڭ،
تاشىڭدۇر ياقۇت، مەرمەردۇر تاغىڭ،
راھەت بىرەدۇر باغىڭ، قۇچاغىڭ،
ھەممىدىن ئارتۇق سۆيگۈم سەن ئۇچۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇسەپپا ھاۋا تەنگە ياقادۇر،
كۈمۈشتەك سۇلار سەندە ئاقادۇر،
ساڭا كۆك ئاسمان باشقا باقادۇر،
سەندە گۈزەللىك زاتەن باشقادۇر
ھەممىدىن ئارتۇق سۆيگۈم سەن ئۈچۈن.

ياشنايدۇ سەندە گۈل - گۈلىستانلار،
دىلنى ئاچىدۇ باغۇ - بوستانلار.
ياراشقان ساڭا يېشىل ئورمانلار،
ماڭا يات ئەمەس چۆل باياۋانلار،
ھەممىدىن ئارتۇق سۆيگۈم سەن ئۈچۈن.

پۈتۈن تەبىئەت خىزمەتكار ساڭا،
سەن ئۈچۈن چىقار سەھەردە سابا،
قۇياش باشقىچە ساچادۇر زىيا،
بۇلۇت ھەم قىلغان يامغۇرىن ئەتا،
ھەممىدىن ئارتۇق سۆيگۈم سەن ئۈچۈن.

كۆڭلۈمنى تارتار يېقىن - يىراقلار،
نە دېگەن گۈزەل شەھەر - قىشلاقلار،
ئورمان، دەرەخلەر، سۇلار، قىرغاقلار،
چەكسىز كۆرۈنگەن ھەم پۈتۈن ياقلار،
ھەممىدىن ئارتۇق سۆيگۈم سەن ئۈچۈن.

سەندە ياشاركەن تۇققان - قەرىنداشىم،
مېھرىبان بىر خەلق مېنىڭ يۇرتداشىم،
قوۋانىپ كۆككە يېتەردۇر باشىم،
كۆزۈمدىن ئاقار سۆيۈنۈچ ياشىم،
ھەممىدىن ئارتۇق سۆيگۈم سەن ئۈچۈن.

سەندە چۈشسىمۇ باشىمغا غۇربەت،
ياكى قەرداشىم قىلماسكەن شەپقەت،
مەن دوستلىرىمغا قىلىمەن ھۆرمەت،
ساقلايمەن يۇرتۇم ساڭا مۇھەببەت،
ھەممىدىن ئارتۇق سۆيگۈم سەن ئۈچۈن.

1948 - يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.

## پۇشايمان ئۇتىدا يانىمەن ھامان

ئاز ئەمەس، ئەلۋەتتە ئۇتتۇز نەچچە ياش،
شۇ ئۆمۈر ئىچىدە كۆپ نەرسە كۆردۈم.
خىلمۇ ـ خىل تۇرمۇشنى ئۆتكۈزدى بۇ باش
سەبىي چاغ ھاياتقا قۇشتەك تەلمۈردۈم.

ساددا ئوي ـ خىياللار چىرمىدى مېنى،
كاللىنى قاتتۇردى تۇرلۇك «تەلىمات».
پەردىلەپ كۆزلەرنى، بۇلغاپ مېڭىنى،
زۇلمەتكە تاشلىدى كونا ئىستىبدات.

ئازادلىقتىن بولدۇم مەمنۇن، شادىمان،
سانسىز ئۆگۈتلەرگە چىندىن ئىشەندىم.
لېكىن قايمۇقتۇردى «كۇرس» ۋە ئىمتىھان،
ساۋادىم كەم ئىكەن، شۇ چاغ چۈشەندىم.

داۋالغۇش ھەرىكەت باشلىنىپ تىنماي،
بىر ئۇچۇم ھەسەتخور مەيدانغا چىقتى.
ئۆزىنى «پاك» بىلىپ، سۆنى قىلدى لاي،
ھەر نۆۋەت ناھەقتىن ياقامنى سىقتى.

«پان» سۆزى ئۇلارغا بولدى بىر دەستەك،
بۇ ئىمىش مەن ئۈچۈن «مۇناسىپ ئۇنۋان»
ئەيىپ كۆرسەتەلمەس بۇنىڭدىن بۆلەك،
ھە دىسە يازدۇردى بىھۇدە «داستان».

شۇ «ئۇنۋان» توپەيلى ئۆزگەردى قىسمەت،
ئالتۇندەك چاغلىرىم بولدى كۆپ زايە.
بىلمەيمەن، كەلگۈسى تۇغدۇرۇپ كۈلپەت،
يەنە ئىشلىرىمغا تاشلارمۇ سايە؟

ئاڭسىزلىق يۇقتۇردى ماڭا كۆپ ئىللەت،
يازغىنىم كۆپىنچە قۇرۇق مەدھىيە.
خەلقىمنى ئويلىسام، ئازغۇنمەن پەقەت،
قىلالمىدىم تارتۇق، تۇزۇكرەك ھەدىيە.

ئەي خەلقىم، ئۆتمۈشۈم ئۆتتى غەپلەتتە،
پۇشايمان ئوتىدا يانىمەن ھامان.
سىنى رازى قىلسام كاشكى خىزمەتتە،
كۆڭلۈمدە قالماستى زەررىچە ئارمان.

1960 ـ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

www.uyghurkitap.com

# باھار ھەققىدە غەزەل

مەخمەل كىيىپ تەبىئەت، كۆركەم جىلاسى كەلدى،
مەۋسۇملارنىڭ ئەڭ ئېسىل، قىممەت باھاسى كەلدى.

بارمۇ گۈزەل باھاردىن زوق ئالمىغان يۈرەكلەر،
«گۈپ - گۈپ» ئۇرۇپ دىماققا، خۇشبۇي ھاۋاسى كەلدى.

جەننەت كەبى بېزەلدى، گۈلگە تولۇپ چىمەنلەر،
دىلغا ھوزۇر بېغىشلاپ، نەشئۇ - ناماسى كەلدى.

سەپ - سەپ بولۇپ قاقىرلار ئەل - يۇرتنى تويغا چىللاپ،
«ئاغامچا» تورنىلارنىڭ كۆكتىن ساداسى كەلدى.

تاغلاردا غۇنچە - لالە، خۇددى قىزىل پىيالە،
مەيگە خۇمار كۆڭۈلنىڭ ھازىر داۋاسى كەلدى.


ئاتلاندى قىز - يىگىتلەر مول ھوسۇلنىڭ جېڭىغا،
ۋەتەنگە ئىشقى چەكسىز جانلار پىداسى كەلدى.

تەھسىن ئوقۇپ بۇلارغا، قۇشلار بولدى غەزەلخان،
سازىن چالدىن كۈمۈش سۇ، نەغمە ـ ناۋاسى كەلدى.

قۇتلاش ئۈچۈن سەھەرلەپ ئالتۇن كىرپىك قۇياشمۇ،
زەر تۆكتى كائىناتقا، پارلاق زىياسى كەلدى.

سايە سالدى قىزىل تۇغ ئېتىز ـ قىرلار بېشىغا،
بۇ يىلقى مول ھوسۇلنىڭ، دېمەك، گۇۋاھسى كەلدى.

1961 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇلۇغ ۋەتىنىمگە

مەڭگۈ ياشنا، ئەي ۋەتەن، بولسۇن ئامان باشىڭ سېنىڭ،
كۈچكە تولغان نەۋقىران سەن، گەرچە چوڭ ياشىڭ سېنىڭ

قانچە توپانلار، بورانلار ئۆچرىدى، باش ئەگمىدىڭ،
بىھىساب جەڭلەردە يەڭدىڭ، ئۈستى بەرداشىڭ سېنىڭ.

مەن كۆرەرمەن قامىتىڭنى پەھلىۋاندەك تىك، غۇرۇر،
ماڭلىيىڭدا بىر ئۇلۇغلۇق مەڭگۈ يولداشىڭ سېنىڭ.

بەختلىكمەن، سەندە كۆز ئاچماق ماڭا بولدى نېسىپ،
مەن ئۆچۈن جاندىن ئەزىز ھەر تۇپرىقىڭ، تاشىڭ سېنىڭ.

تاڭدا تۇرسام ئەركىلەپ، سىپاپ ئۆتەر يۇمشاق شامال،
زەر چېچىپ ئۆتكەي بېشىمغا كۆكتە قۇياشىڭ سېنىڭ.


قاندۇرۇپ تەشنالىقىمنى ئابى كەۋسەردەك سۇيىڭ،
ئەڭ لەزىز بەردى تائام كەڭ داستىخىنىڭ، داشىڭ سېنىڭ.

ھورى ـ غۇلمان نە كىرەك، ئەسلا تامايىم يوق مېنىڭ،
ئۆمۈرلۈك تۇتقان قولۇمنى بىر قەلەمقاشىڭ سېنىڭ.

خىزمىتىڭگە جان پىدامەن، بۇيرۇغىڭغا مۇنتەزىر،
كور بولايمەن، گەر ئۇنۇتسام تۇز بىلەن ئاشىڭ سېنىڭ.

ياۋ ساڭا قەست ئەيلىسە، تاپقاي چوقۇم ئۇز گۆرىنى،
ساقلىغايمىز پاك زېمىننى ھەر قېرى ـ ياشىڭ سېنىڭ.

1962 ـ يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ ئادرېسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# دېھقان قىزى

ئورما ۋاقتىدا كۆردۈم غۇنچە بويلۇق جانان قىز،
ھۆسنى بېغىدا بىردەم قىلدى مېنى مېھمان قىز.

«يۇزجان بەرسەڭ ئەرزىيدۇ» - دېدىم مەن يۈرەكىمدە،
پەرىلەر گۈزەل بولماس، ئەسلى گۈزەل دېھقان قىز».

توختىماي غۇلاپ تاشلاپ، سول يېرىپ بارار چەبدەس،
يىگىتلەر يېتەلمىدى، كۆپنى قىلدى ھەيران قىز.

ئەتلەس كۆينىكى بەكمۇ قەددىگە ياراشىپتۇر،
بۇغدايلىقنى گوياكى قىلدى بىر گۈلىستان قىز.

نۇر ياغار يۈزىدىنكىم، يېتىلگەن قىزىل ئالما،
ياراشقان گۈزەل خالى، ياقۇت لېۋى خەندان قىز.

مەڭزىگە قۇيۇلغان تەر ئۈنچىدەك تىزىلغاچقا،
قىلچە ھاجەت بولماپتۇر ئېسىۋېلىشقا مارجان قىز.

ئۇشىق ئېلىن ئەسىر قىلماق بارمىكىن خىيالىدا،
چېچىنى كەمەن قىپتۇ، ئەسلى چېچى بوستان قىز.

چاقنىغان قارا كۆزى بى رەھىم ئىكەن، بىلدىم،
كىرپىكىنى ئوق ئەيلەپ، يۈرەكنى قىلار قان قىز.

ۋە لېكىن ۋۇجۇدىدا كۆرمىدىم تەكەببۇرلۇق،
«كىم ئىكەن؟ ـ دېدىم مەمنۇن، ـ ئەجەب خۇلقى ئوبدان
قىز».

دېيىشتى قۇلاقىمغا: «ئۇنىنچىنى پۇتتۇرگەن
كومسومول بەلگىسى بار بىزنىڭ داڭدار رەيھان قىز».

«ئامان بول! ـ دېدىم، ـ سىڭلىم، يۇرتىمىزنىڭ پەخىر-
سەن،
ئەركىن ئۆستۈڭ يېزاڭدا، ساڭا باقتى دەرۋران قىز».

1962 ـ يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئوت يۈرەك شائىر

مۇتەللىپ، ھەي باتۇر، ئوت يۈرەك شائىر،
سۆيدۈڭ سەن ئېلىڭنى، جانپىدا قىلدىڭ.
سەن ئىدىڭ ۋەتەننى كۈيلەشكە ماھىر،
زوق بىلەن بىر ئۆمۈر خۇش ناۋا قىلدىڭ.

ۋەتەنىنىڭ ھۆرلۈكى ئىدى تىلىكىڭ،
چۈشىمىدى كۈرەشكە تۈرگەن بىلىكىڭ.
ھەر نەپەس ۋەتەن دەپ سوقتى يۈرىكىڭ،
شەرەپلىك بۇرچۇڭنى سەن ئادا قىلدىڭ.

تاۋلاندىڭ كۈرەشچان يىللار قوينىدا،
ئىجادىڭ پارقىراق ھەر يىل بويىدا،
ھارمىدىڭ كۈرەشنىڭ باياۋىنىدا،
بەرگەن قەسەمىڭگە سەن ۋاپا قىلدىڭ.

ئېتىڭنى مەردانە مەيدانغا سۈردۈڭ،
ئالماس خەنجىرىڭنى دۈشمەنگە ئۇردۇڭ،
يالقۇنلۇق سۆزۈڭدىن ئوتلار ياغدۇردۇڭ،
بۇ جەڭدە غەيرەتنى سەن راسا قىلدىڭ.

لەنەتلەر ياغدۇردۇڭ قارا زامانغا،
ئۆچ ئىدىڭ بولۇتلۇق قىش - زىمىستانغا،
تەلپۈندىڭ باھارغا، گۈل - گۈلىستانغا،
ھۆر - ئەركىن سايراشنى مۇددىئا قىلدىڭ.

سازىڭدا باشلىدىڭ يېڭى مۇقامنى،
سۆيگۈدىن، كۈرەشتىن ئالدىڭ ئىلھامنى،
ساقلىدىڭ «ئوت يۈرەك شائىر»لىق نامنى
شېئىرىيەت بېغىدا شوخ سادا قىلدىڭ.

سەھەرنى سېغىنغان غۇنچە گۈل ئىدىڭ،
يۈرەكتە ئوتى بار بىر ئوغۇل ئىدىڭ،
خۇش ئاۋاز، چارچىماس مەرت بۇلبۇل ئىدىڭ،
خەلقىڭنى كۈيۈڭگە مەھلىيا قىلدىڭ.

شۇڭا ياۋ چۆچۈدى جىم تۇرالمىدى،
ئىز پۇراپ ئارقاڭدىن پەقەت قالمىدى،
زىندانغا سالدىيۇ بەھىر ئالالمىدى،
ياۋۇزلار كۆكسىنى سەن يارا قىلدىڭ.

سەن كەتتىڭ ۋە لېكىن نامىڭ ئەلدە ياد،
قەۋرەڭدە تېچ ياتقىن، روھىڭ بولسۇن شاد،
ئۆلمىدىڭ، ئۆلمەيسەن، مەڭگۈ سەن ھايات،
مەڭگۈلۈك بىر سولماس باغ بىنا قىلدىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

## قەشقەر

ئەزىز قەشقەر قۇچۇپ كەلدىڭ ئەسىرلەر شانۇ ـ شۆھرەتنى
سىنى كۆرگەن كىشى ھۆسنۇڭگە تەڭ قىلمايدۇ جەننەتنى.

ئۇلۇغ ئىشلار، بۈيۈك نامىلار سىنىڭ نامىڭغا باغلانغان،
ۋە لېكىن شۇنچە كۆپ يىللار يوشۇردۇڭ دىلگە ھەسرەتنى.

بىلەر دۇنيا: قەدىمدىن مەرىپەت ـ سەنئەت ماكانىسەن،
بۈيۈك ئالىم ۋە شائىرلار ئۆگەنگەن سەندە ھېكمەتنى.

تۇمەن داستاندا سۆزلەندىڭ، جاراڭلىق تاردا كۈيلەندىڭ،
ساڭا بەخش ئەتتى شائىرلار يۈرەكتىن ساپ مۇھەببەتنى.

بىراۋ نامىڭنى ياد ئەتسە دىلىمدا ئىپتىخار قوزغار،
شۇ نامنى ئاڭلىسام قەلبىم قۇچار ئالەمچە لەززەتنى.

چىمەنزار باغلىرىڭدا ساپ ھاۋادا سەلتەنەت سۈردۈم،
شۇڭا ئەرزىتىمىكەي كۆڭلۈم بۆلەك بىر بەختۇ ـ دۆلەتنى.

تومۇزدا گۈل يېزامنى مەن يالاڭياق كەزگىنىم ئەستە،
قىشۇ ياز ھەر كۈن ئىچكەنمە تومەن دەريادىن شەربەتنى.

تېنىمگە جان، كۆزۈمگە نۇر، قولۇمغا شام - چىراغ بەر-
دىڭ،
ئۇچۇرما قۇش ئىدىم، سەندىن قاناتىم ئالدى قۇۋۇەتنى.

يۈرەكىم تويمىغاي ئەسلا بېقىپ ھۆسنۈڭگە ئەي يۇرتۇم،
ئۇنۇتماس كەمتەرىن ئوغلۇڭ يىگەن كۆپ نازۇ - نېمەتنى.

ئەجەب بىر مۆجىزات يۇرتىسەن، يېزىشقا خىسلىتىڭ چەك-
سىز،
يازارمەن مەيلى تەكرار، پەقەت كەتكۈزمەيمەن پۇرسەتنى.

تېنىمدا جان باركى، ھەرگىز كۆڭۈل ئايرىلمىغاي سەندىن،
تىلەك شۇ: يانسام ئىشقىڭدا چېكىپ تۈن - كۈن رىيازەتنى.

1972 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىگى ئادرېسى

# بۇلبۇل قايتا سايرىدى

سايرىدى شاد قايتا بۇلبۇل گۈل ـ گۈلىستان ۋاقتىدا،
ياڭرىتىپ شوخ كۈيىنى ئەركىن، ئۇردى خەندان ۋاقتىدا.

زوق، ھاياجانغا سېلىپ، يۈز ناز بىلەن مەپتۇن قىلىپ،
چاڭقىغان تەشنا يۈرەكنى قىلدى مېھمان ۋاقتىدا.

«تۆت گىزەندە» بىر مەھەل قىلغان ئىدى باغنى خازان
قىينىدى بۇلبۇلغا بەرمەي سۇ بىلەن دان ۋاقتىدا.

كۈيلىمەك بولدى جىنايەت، تار قەپەس ئاشيان ئاڭا،
بەزمە قۇردى قاغا ـ قۇزغۇن قىش ـ زىمىستان ۋاقتىدا.


ئېھ، يەنە كەلدى باھار، قوغلاندى مەڭگۇ جۇت ـ تۇمان،
باغ يەنە پۈركەندى گۈلگە قۇتلۇق دەۋران ۋاقتىدا.

سەھنىگە چىققاندا بۇلبۇل، زالدا ئالقىش ياڭرىدى،
قايتىدىن ھۆرمەتلىنىپ، تاپتى شەرەپ ـ شان ۋاقتىدا.

ۋاھ، يۈرەك شادلىققا تولدى، پەيزىلىك چاغلار بۈگۈن،
سايرىماي تۇرسۇنمۇ بۇلبۇل گۈل ئېچىلغان ۋاقتىدا.

سايرىغىن، كۆيۈڭگە خۇشتار شائىرىڭ يازسۇن غەزەل،
جۆر بولۇپ دەۋران سۈرەيلىك بار ئىمكان ۋاقتىدا.

1979 ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

## ئوغلۇمغا

قولاق سال، ئەزىز ئوغلۇم، پەزىلەتلىك ئىنسان بول،
ھايات بېغىدا يايرا، ئۆز بەختىڭدىن خەندان بول.

ھەر سەھەرنىڭ پەيزى بار، ھەر باھارنىڭ گۈل ھۆسنى،
بۇ سىنىڭ نىھال ۋاقتىڭ، ياشلىقىڭغا سۇلتان بول.

بۇ گۈزەل باھارىڭنى بىھۇدە خازان قىلما،
مەنىسىز ھەۋەستىن كەچ، پەن ئۆگەن تىرىشچان بول.

دەيدۇلەركى، دانالار: پەندە ئەسلا تۈز يول يوق،
تۈن ۋە كۈن رىيازەت چەك، چارچىماس كىتابخان بول.

كەلدى كۈتكەن دەۋرانىڭ، ھەر ئىشقا بار ئىمكانىڭ،
بۇ دەۋراننى ئالقىشلا، تومۇرىدا ساپ قان بول.

شان ـ شەرەپ تاپاي دېسەڭ، تەت تۆكۈپ ھالال ئىشلە،
مەيلى ئالىم، دوختۇر بول ياكى ئىشچى، دېھقان بول.

ئۆنچە تەرلىرىڭ چۆلدە رەڭمۇ - رەڭ چېچەك ئاتسۇن،
تاغ كېسىشتە پەرھاتتەك داڭقى چىققان پالۋان بول.

باغ قىلىپ قاقاسلىقنى، گۈللەتكىن دىيارىڭنى،
مېۋە بەر لەزىز - شېرىن ئەلگە ئۇستا باغۋەن بول.

ۋەتەن مېھرىنى ساقلا، ھەر ئان بۇرچىنى ئاقلا،
جان تىكىپ ئۇنى قوغدا، ياۋغا قارشى قالقان بول.

ساقلىنىپ يامان ئىشتىن، خەلققە ياخشىلىق كۆزلە،
ياخشىلىقتا تارىختا نامى ئۆچمەس داستان بول.

1979 - يىل مارت، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ۋەتەنگە

باغرىڭدا مەن تۇغۇلدۇم، بۇ بەخت ماڭا مۇبارەك،
سەن مېھرىبان ئانامسەن، بۇ نام ساڭا مۇبارەك.

قەلبىمدە بىر ھارارەت، يالقۇنلىنار داۋامەت،
ئۆرتەر مېنى كارامەت ئىشقىڭ ئانا، مۇبارەك.

دىلدا كېزىپ جاھاننى، بايقاپ ياخشى - ياماننى،
سەندەك گۈزەل ماكاننى تاپتىم بىرلا مۇبارەتك.

ئۇزاق ئۆتمۇش زاماندا، داڭقىڭ چىققان جاھاندا،
نامىڭ مىڭلاپ داستاندا چاچقان زىيا مۇبارەك.

مۇنبەت ئېسىل تۇپرىقىڭ، بىپاياندۇر قۇچىقىڭ،
ھەر بىر گىياھ - ياپرىقىڭ دەرتكە شىپا مۇبارەك.

تاغلار كۆككە تاقاشقان، ئورمانلىرىڭ ياراشقان،
ئۇپۇققىچە تۇتاشقان، كۆپ - كۆك دالا مۇبارەك.

كۆمۈش بەلۋاغ بېلىڭدا، ئېلېكترلەر يولۇڭدا.
گۈلىستانلار چۆلۈڭدە بولغان بىنا، مۇبارەك.

باشلاندى گۈل باھارىڭ ئۆسمەكتە كۆچ - مادارىڭ،
دۇنيادا ئېتىۋارىڭ ئاشتى يەنە، مۇبارەك.

بۈگۈن يېزا - شەھەردە، دۆلدۆللىرىڭ سەپەردە،
ئاق يول تىلەي سەھەردە، ئىقبال ساڭا مۇبارەك.

1979 - يىل مارت، ئۈرۈمچى.



www.uyghurkitap.com

# شائىر نىمشېھىتقا

(مەرسىيە)

ئاقار قەلبىمىزدىن ھارارەت ساڭا،
قىلار ھەممە ھۆرمەت داۋامەت ساڭا.

ۋاپات ئەتمىدىڭ، كۆيچىمىز، سەن ئىشەن،
ئىجادىڭ ئەسىرلەر كاپالەت ساڭا.

كۆڭۆل مۈلكىدە تىكلىنىپ خاتىرەڭ،
ياسالدى بۇزۇلماس ئىمارەت ساڭا.

باھاردەك گۈزەل شېئىرىيەت گۈلشىنىڭ،
شەرەپ بەردى چەككەن رىيازەت ساڭا.

ياراتتىڭ غەزەل، بىر - بىرىدىن گۈزەل،
يۈز ئاچقان ئەبەد شانۇ - شۆھرەت ساڭا.

يارالغاچكى «پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ»①
زامان بەردى شاھانە خىلئەت ساڭا.

ۋەتەن ئىشقىدىن زەررە ئايرىلمىدىڭ،
جورالڭ بولدى ھەر چاغ ساداقەت ساڭا.

كىتىپسەنكى، شائىر، ئەجەپ، بىمەھەل،
يېتىشكەندە يۈكسەك كامالەت ساڭا.

يولۇڭنى توساپ قىلدى قەست «تۆت مەرەز»،
توقۇپ پىتنە تۆھمەت جىنايەت ساڭا.

ئىزىلدى دىلىم، ئاچچىق ھەسرەت بىلەن،
ئىچىندىم پىراقتا ناھايەت ساڭا.

بۈگۈن گوم بولۇپ شەرمىساد قاتىلىڭ،
كۈلۈپ باقتى قايتا ئادالەت ساڭا.

سۆزۈلدى ھاۋا، ياشىندى شېئىرىيەت،
بۇ گۈلشەندە ھۆرمەت داۋامەت ساڭا.

① «پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ» ـ شائىرنىڭ «مىلىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شىرىن» داستانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئۇلۇغ توي

تاڭ سۈزۈلدى، كۆلدى چولپان باشقىچە،
كائىنات ئويغاندى شۇئان باشقىچە،
زەر كىيىپ كۈن چىقتى تابان باشقىچە،
نۇرغا چۆمدى شەرقتە ئاسمان باشقىچە،
جىلۋە قىلدى تاغۇ - ئورمان باشقىچە.

يۇرتىمىزدا تاڭ سەھەر كەزدى سابا،
باشلىۋەتتى كۈي توقۇپ بۇلبۇل ناۋا،
ۋاھ ئەجەپ، تارقالدى ھەريان شوخ سادا،
بەزمە - مەشرەپ قىزىدى باغلار ئارا،
ئەتىر چاچتى گۈل - گۈلىستان باشقىچە.

ۋەتىنىم بالدۇرلا ئويغاندى بۈگۈن،
ئويغىنىپ، شۇئانلا جانلاندى بۈگۈن،
كېچىلەپ چوڭ تويغا راستلاندى بۈگۈن،
ياش - قېرى بۇ تويغا ئاتلاندى بۈگۈن،
لالىرەڭ تۇغ قىلدى جەۋلان باشقىچە.

كوچىلاردا زور ئىقىن پايانى يوق،
ئايجامالىلار، غۇنچە لەۋلەر سانى يوق،
ھۆسنىنى تەرىپ قىلىش ئىمكانى يوق،
تويىنى بىر كۆرگەن كىشى ئارمانى يوق.
گۈل - چېچەككە تولدى مەيدان باشقىچە.

چۆمدى شادلىققا بۈگۈن ئوتلاق - دالا،
كەيدى رەڭدار شايى - ئەتلەس كەڭ يېزا،
ياڭرىدى دۇتار - راۋاپ ھەم دۇمبىرا،
بەخت كۈيى ئاقتى يۈرەكلەردە راسا،
زوققا تولدى قىز ۋە ئوغلان باشقىچە.

مەنىسى بار بۇ ئۇلۇغ توينىڭ بۆلەك،
بۈنى يازساق قانچىلاپ داستان كېرەك،
خەلقىمىز ئالغان شۇ كۈن تاڭدىن دېرەك،
قۇچتى ئەرك، قۇچتى زەپەر مىليون يۈرەك،
ئاچتى تارىخ يېڭى دەۋران باشقىچە.

ئۆتتى شۇ كۈندىن بۈيان ئوتتۇز باھار،
ھەر باھارنىڭ ئۆزگىچە بىر ھۆسنى بار،
نى قاقاسلىق ئەمدى كۆرسەڭ لالىزار،
بولدى خەلقىم ئەمدىلىكتە بەختىيار،
يۇرتىمىز بولدى پاراۋان باشقىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىز كۆرۈشكەن چاغ هامان ئېسىمدە

ئەي نامى قۇتلۇق، جانجان قۇمۇل،
ئانىدەك ئەزىز، مېھرىبان قۇمۇل،
دىلدا هۆرمەتلىك، قەدىردان قۇمۇل،
بىز كۆرۈشكەن چاغ هامان ئېسىمدە،
يولۇم چۈشكەن چاغ هامان ئېسىمدە.

مەن بارغانىدىم سۇرلۇك زاماندا،
سوغاق كۈچەيگەن قىش - زېمىستاندا،
جىسمىمنى ئېغىر قايغۇ باسقاندا،
قۇچاق ئاچقىنىڭ هامان ئېسىمدە،
دىلغا ياققىنىڭ هامان ئېسىمدە.

باغرىڭغا ئالدىڭ ئوچۇق يۈز بىلەن،
«خۇش كەپسەن!» دېدىڭ شېرىن سۆز بىلەن،
باقتىڭ مېھرىبان، ئىللىق كۆز بىلەن،
مېھماندوستلۇقۇڭ هامان ئېسىمدە،
ئوچۇق قوللۇقۇڭ هامان ئېسىمدە.

مېھرىڭنى كۆرۈپ غۇربەتنى يەڭدىم،
بېشىمغا چۈشكەن كۈلپەتنى يەڭدىم،
غەمنى قوغلىدىم، ھەسرەتنى يەڭدىم،
قىلغان ئىززىتىڭ ھامان ئېسىمدە،
ئىلھام ـ مەدىتىڭ ھامان ئېسىمدە.

پاياندار سالدى چاھار باغلىرىڭ،
كۆڭلۈمنى تارتتى قارلىق تاغلىرىڭ،
پاراغەت بولدى ئاشۇ چاغلىرىڭ،
بىز قۇرغان سۆھبەت ھامان ئېسىمدە،
بۇ بەختىمۇ ـ دۆلەت ھامان ئېسىمدە.

راھەت باغ ـ راھەت بىر بوستانىكەن،
پالۋانتۇر كۆپ ـ كۆك باراقسانىكەن،
يىمىشى سەر خىل، نەق ئەدنان ئىكەن،
تۆككەن شەربىتى ھامان ئېسىمدە،
بەرگە لەززىتى ھامان ئېسىمدە.

قارا قاپچىنىنىڭ ئېدىر ـ تاغلىرى،
شاتۇت، ئۆرۈكلۈك ھويلا باغلىرى،
ھوزۇر بەخش ئەتتى كۆكلەم چاچلىرى،
سالقىن ھاۋاسى ھامان ئېسىمدە،
تەنگە داۋاسى ھامان ئېسىمدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۇندا تاغ كېسىپ بىر يىل تاۋلاندىم،
پەرھادلار ئارا ئىشتىن زوقلاندىم،
توغام پۈتكەندە چىندىن شادلاندىم،
سۇلار شاۋقۇنى ھامان ئېسىمدە،
يۈرەك دولقۇنى ھامان ئېسىمدە.

بوغازمۇ ئەجەپ گۈزەل بىر يېزا
ئۈستەڭ چاپتىممەن تەر تۆكۈپ تازا،
شۇ يىل قوغۇنى ئوخشىدى راسا،
«شەكەر!» دېگىنىم ھامان ئېسىمدە،
داڭلاپ يېگىنىم ھامان ئېسىمدە.

بوستانلىرىڭدا مەشرەپ ئوينۇدۇم،
تويغا چاقىرسا بارماي قويمۇدۇم،
قىز - يىگىتلەرگە قاراپ تويمۇدۇم،
ئۇسسۇل - ساماسى ھامان ئېسىمدە،
ئوتلۇق ناۋاسى ھامان ئېسىمدە.

ئۈچ يىل دېگەندە ئۇزاتتىڭ مىنىڭ،
دىلىمدا ھەر چاغ ئەسلەيمەن سېنى،
يەنە كۆرسەم دەر كۆڭلۈم ئارمىنى،
نازاكەتلىكىڭ ھامان ئېسىمدە،
ساخاۋەتلىكىڭ ھامان ئېسىمدە.

# خەلقنىڭ شۆھرىتى

تارىخ ماڭا ساۋاق بەرگەن ياشلىق چېغىمدىن،
ئۆتكەن ئىكەن ھاياتلىقتا كۆپ ئۇزۇن دەۋران.
زالىملارغا، تەڭسىزلىككە لەنەتلەر ئوقۇپ،
بىر ياقىدىن باش چىقارغان مېھنەتكەش ئىنسان.

توختاتمىدى قان تۆكۈشنى شاھلار تەخت ئۈچۈن،
بىر تەرەپتىن ئىلمۇ - ھېكمەت يەڭدى زۇلمەتنى.
بۇ دۇنياغا زىننەت بەردى، ئەھلى دانىشلار،
كۆپ ئەسىرلەر ئەۋج ئالدۇرۇپ ئاڭ - مەرىپەتنى.

ھەر بىر خەلقنىڭ شۆھرىتى بار تىللاردا داستان،
شېئىر - سەنئەتتە تۆھپىسى مول بەشەرىيەتكە،
شۇ بايلىقتىن ئۇزۇق ئالغاچ مېنىڭ يۈرىكىم،
كۆڭۈل قويدۇم ھەۋەس بىلەن مەن شېئىرىيەتكە.

ئەڭ قەدىمىي خەلقىمىزنىڭ تۈرلۈك يېزىقى،
چاقناپ تۇرار ئەجدادلارنىڭ ئەقىل - ئىدرىكى.
شانلىق ئۆتمۈش گۇۋاھىدۇر ئالتۇن پۈتۈكلەر،
نەقىش ئېتىلگەن نەسىللەرنىڭ ئارزۇ - تىلىكى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مەھمۇد بوۋام ئالەمشۇل خەزىنە ئىچىپ،
«ئۇلۇغ پىشۋا» ئۇنىۋانىغا بولدى سازاۋەر.
خاس ھاجىبنى، يۈكنەكىنى تىلىمغا ئالسام،
يۈرىكىمدە دولقۇنلىنار چەكسىز ئىپتىخار.

ئەلشىرنىڭ غەزەللىرى، سۆيگۈ كۈيلىرى
قىممەتباھا دۇردانىلەر قوشتى تىلىمغا،
نىزارىنىڭ ئالتۇن ھەللىك قولىيازمىسىنى
كۆچۈرگەندە ھەر مىسراسى سىڭدى دىلىمغا.

ھەر بىر خەلقنىڭ شۆھرىتى بار تىللاردا داستان،
شېئىر ـ سەنئەتتە تۆھپىسى مول بەشەرىيەتكە.
يىلتىز تارتقاچ يۈرىكىمدە ئىنسانىي تۇيغۇ،
ھەۋەس قويدۇم زوق ـ شوق بىلەن مەن شېئىرىيەتكە.

1982 ـ يىل مارت، ئۈرۈمچى.

# بېغىمغا قىل قەدەم تەشرىپ

بېغىمغا قىل قەدەم تەشرىپ، باھارمۇ كەلدى جانانىم،
جاھاندا تاپقىنىم بىر سەن، گۈزەل يارىم، قەدىردانىم.

ساناپ تۇردۇم كېلەر چاغنى يولۇڭغا تەلمۈرۈپ باقتىم،
جامالىڭ ئىنتىزار قىلدى، تۈگەي دەپ قالدى دەرمانىم.

ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ ئەلا، مۇئەللىملىكنى خالاپسەن،
يېتىشكەچ بۇ خەۋەر تېزلا، تېنىمدە يايرىدى جانىم.

پۈتۈشكەن ئەھدىمىز بارغۇ يېزامدا بىللە ئىشلەشكە،
بۇ يەردە مەنمۇ باش تېخنىك، دىلىمدا يوقتۇر ئارمانىم.

ئەۋەتكەن ھەر ۋاپا نامەڭ جېنىمغا بىر ئارام بولدى،
مۇناسىپ كۈتمىسەم ئەندى قويارمۇ مېنى ۋىجدانىم؟!

چېمەنلەر سەن ئۈچۈن سالدى پاياندار ياپ - يېشىل، كۆر-
كەم،
قۇچاق ئاچماقتا راسلاندى تۈزەپ ھۆسنىنى بوستانىم.

چىقىپ غۇر - غۇر شامال ھەر يان مۇسەپپا ئەيلىدى باغنى،
يولۇڭغا ئەتىر چاچماقتا ئېچىلدى گۇل - گۇلىستانىم.

سۇۋادان - سەرۋىلەر رەت - رەت سېنى كۇتمەككە سەپ تۇزدى،
كۇمۇش سۇ سازىنى چالدى، كۆڭۈللۈك بەكمۇ ھەر يانىم.

غەنىمەت بىل بۇ چاغلارنى، يېتىپ كەل ياخشى سائەتتە،
كۇتەر بىزنى گۇزەل ئىقبال، بۇنىڭغا كامىل ئىمانىم.

1982 - يىل ئاپرېل، ئۇرۇمچى.



www.uyghurkitap.com

## شائىرە سىڭلىمغا

گۈلزارنى قىلدى ھەيران كۆركەم لاتاپىتىڭىز،
بۇلبۇلنى قىلدى قايىل سۆزدە پاساھىتىڭىز.

چىقماس بىرەرمۇ مىسرا ئوت يانمىغان يۈرەكتىن،
كۆچلۈك ئىكەن ئەجەپمۇ يالقۇن - ھارارىتىڭىز.

ھەر بىر نەپەس كۆيىڭىز دىلغا سالدى ھاياجان،
مەلۇم بولدى ئوچۇقلا يۈكسەك ماھارىتىڭىز.

ھەركىم قىلىشقا جەۋلان ئاسان ئەمەس بۇ مەيدان،
تەھسىن ئوقۇشقا لايىق باركەن جاسارىتىڭىز.

تەبرىك قىلاي يۈرەكتىن، ئوتلۇق تىلەي جان - دىلدىن،
ئۆمۈر بويى يار بولسۇن ئىقبال - سائادىتىڭىز.

1982 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# قەلىمىم

سەن مەيدانغا چۈشكەن كۆنلەردىن بېرى،
چاپتىڭ سەن بىر مەزگىل خېلى ئىلگىرى.
ۋە لېكىن كۆپەيگەچ تۇساق كۆنسېرى،
بىر مەھەل چېپىشتىن قالدىڭ قەلىمىم.

ئەمەسكەن بۇ دۇنيا خالى ھەسەتتىن،
قاچانمۇ قۇتۇلغاي ئىنسان تۆھمەتتىن.
زارلانمىدىڭ ئەمما ئازار كۆلپەتتىن،
ۋاقتىنچە دېمىگىنى ئالدىڭ قەلىمىم.

«يىللارنىڭ قوينى كەڭ، كۆپتۇر پۇرستى»[1]،
ئوخشاشماس ھەر يىلنىڭ ھوسۇل - بەركىتى،
يەڭگەچكە قۇرغاقنى ئىنسان مېھنىتى،
ئەمگەككە قايتا يول سالدىڭ قەلىمىم.

يەنە چاپ قۇربىڭچە، ئەمدى يوق تۇساق،
نە ھاجەت بىھۇدە تارتىنىپ تۇرماق،

---

[1] بۇ مىسرا شائىر ل. مۇتەللىپ شېئىرىدىن ئىقتىباس.

ئۆمۈرنى ئۇنۇملۇك ئۆتكۈزسەك خوپراق،
بۇگۈن سەن سىناقتا قالدىڭ قەلبىمىم.

1982 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## قەلبىمگە

قانائەت مۈلكىنى سەن ئەزىز تۇتتۇڭ،
مەڭگۈلۈك يار بولسۇن بۇ دۆلەت ساڭا.
كۆڭۈلسىز چاغلاردا غەمنى ئۇنۇتتۇڭ،
ئەرزىيدۇ ئىپتىسام مەن مىڭ رەھمەت ساڭا.

ئەزەلدىن بىلمىدىڭ قۇۋلۇق، رىيانى،
خوش كۆرمىدىڭ ئەسلا پەسكەش تامانى،
ئاددى - ساددىلىقتا كۆردۈڭ ۋاپانى،
بۇ خۇلقۇڭ بىر گۆھەر - پەزىلەت ساڭا.

جاي ئالغان سىنىڭدە كىرسىز بىر تۇيغۇ،
ئۆمرۈڭدىن قىلمىدىڭ زەررە غەم - قايغۇ.
قايغۇغا يول قويساڭ، ئىچەتتىڭ ئاغۇ،
شۈكرى قىل، تەلەيدۇر بۇ قىسمەت ساڭا.

ئىنساندا ھەر يۈرەك سوقۇشى باشقا،
سەن سوقتان ھەر زامان كەمتەر ياشاشقا،
كىبىرگە يول قويما، ئۇچما ماختاشقا،
ھوشيار بول، يوقمىسۇن يات ئىللەت ساڭا.

كۆرەڭلىمە ھەرگىز ئەيىبىم يوق دەپ،
نۇقسانسىز ئادەمنىڭ بولۇشى تەس گەپ،
ئۆزۈڭگە ھەر زامان قوي قاتتىق تەلەپ،
ياخشى ئۆت، بۇ چاغلار غەنىمەت ساڭا.

1982 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# شىمالغا سەپەر[1]

ھەر تاغدا سەھەرنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ،
ۋەتەننىڭ ھۆسنىگە باقماق بىر راھەت.
ئاقباش تاغ شەپەققە بويالسا كەچ پەيت،
خىيالغا چۆممەن قاراپ بىتاقەت.

شۇ تاغنىڭ كەينىگە باش قويسا قۇياش،
ئاستىلا قىزارغان سالاپەت بىلەن،
دەيمەنكى، بۇ ۋەتەن نەقەدەر كەڭرى،
قۇياشمۇ چارچاپتۇ شۇ ھالەت بىلەن!

قەلبىمدە ياناتتى بىر ئارزۇ ـ تىلەك:
قانىتىم بولسىيدى، قۇش كەبى ئۇچسام،
تاغلاردىن ھالقىسام، چىمەنلەر كەزسەم،
لالىلار قىزارغان گۈلزارنى قۇچسام.

دەريا بويلىرىدا پىيادە يۈرۈپ،
سۇلار نەغمىسىگە تىڭ قۇلاق سالسام،
باغلاردا بۇلبۇلغا ئاھاڭداش بولۇپ،
كۈي توقۇپ، ھەر سەھەر سازىمنى چالسام.

---

① 1982 ـ يىلى يازدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بىر توپ [illegible]ـ شائىرلار شىمالغا سەپەرگە چىقىپ، بىر قانچە شەھەر ۋە كەنتلەردە زىيارەتتە بولغان [illegible]ۇق. شۇ سەپەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

كۆرسەم مەن دېڭىزدەك چەكسىز ئېتىزدا،
ئالتۇن باشاقلارنىڭ يەلپۈنۈشىنى.
بىپايان ئوتلاقتا قوزا، تايلارنىڭ
سەكرىشىپ هاياتقا تەلپۈنۈشىنى.

ئېھ... ۋەتەن ھۆسنىنى قىلماق تاماشا
ياز پەسلى كۆڭۈلگەن نەقەدەر راھەت!
ۋە لېكىن بىر دەپتە مۆيەسسەر بولماس،
كۆرگىنىڭچە كۆرگىن، لەھزە غەنىمەت.

شۇ ئارزۇ ئىشقىدا يۈرەك يانغاندا،
تەلەيگە جۆر بولدى ئاخىر بىر پۇرسەت.
ئۇچۇرما بولغاندەك كۆڭلۈمنىڭ قۇشى
ئۇچۇش سەزگۈسىدە سىېزەتتى لەززەت.

گۈل ئاچتى ئارزۇدىن پەقەت بىر غۇنچە،
ياز ئېيى شىمالغا قىلدىم مەن سەپەر.
دىكەش دوستلىرىمنىڭ ھەمراھلىقىدا
يولغا چىقتىم مەمنۇن بىر قۇتلۇق سەھەر.

1982 ـ يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى ـ شىخەنزى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

# بوستانلىق شەھەر

قەدىمىي بىر چۆللۈك ئۇيقۇنى تاشلاپ،
ھايات چىمەنىدىن ئاپتۇ بىر ئورۇن،
بۇندا قەد كۆتەرگەن يېڭى شىخەنزە
خەرىتىدە ئەسلا يوق ئىدى بۇرۇن.

ئەزەلدىن كۈچلۈكتۇر ئىنساننىڭ ئىشقى
ئۆزىنى ياشاتقان ئېسىل تۇپراققا.
بىر يىگىت ئۆمرىچە قىسقا مۇددەتتە
قاقاسلىق ئايلانغان بوستانلىق باققا!


بارىمەن ئوڭ ـ سولغا تويماستىن قاراپ،
تېرەكلىك يوللاردا ماشىنا ئۇچار،
ئېكىنزار ئېتىزلار، ئالتۇن باشاقلار
تەۋرىنىپ قارىسا، دىل خۇشلۇق قۇچار.

ئۇچقۇدا ئولتۇرۇپ قارىساڭ پەسكە،
شاھمات تاختىسىدەك رەتمۇ ـ رەت سالا.
شاخلاپتۇ كېۋەزلەر پاتماي چۆنەككە،
ئالدىمدا تەپ ـ تەكشى گۈلزارلىق دالا.

باشلايدۇ شەھەرگە تۈز ئاسفالت يول،
كوچىلار ئازادە، ھەر تەرەپ ئاۋات.
ئاق بۇلۇت قۇچۇپتۇ تورخۇنلار قاتار،
مەرمەردىن بىزەلگەن بىنالار قات - قات.

ئەزەلدىن كۈچلۈكتۇر ئىنساننىڭ ئىشقى،
ئۆزىنى ياشاتقان ئىبسىل تۇپراققا.
بۇرۇنقى چۆللۈكتىن پەقەت نىشان يوق،
بوستانلىق سوزۇلغان يىراق - يىراققا.

1982 - يىل ئىيۇن، شىخەنزە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## شان ـ شەرەپ كىمنىڭ؟

شان ـ شەرەپ ۋەتەننىڭ ئىشقىدا يېنىپ،
باغرىغا ئۇنچە تەر تۆككەنلەرنىڭدۇر.
مۇشەققەتە ـ جاپانى مەردانە يېڭىپ،
ھۆسنىگە نەقىش ـ بىزەك چەككەنلەرنىڭدۇر.

ئەجدادلار داڭقىنى يادىدا ساقلاپ،
ئانىنىڭ سۈتىنى بىر ئۆمۈر ئاقلاپ،
ساداقەت، ۋاپانى قەدىرلەپ، ياقلاپ،
نەزەرنى يىراققا تىككەنلەرنىڭدۇر.

تارىختا قالدۇرۇپ مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز،
ئۆتكۈزمەي پۇرسەتنى بىكار، مەنىسىز،
پەللىدىن ـ پەللىگە پەرۋاز قىلىپ تېز،
سائادەت قەسرىنى قۇرغانلارنىڭدۇر.

ئەگىندە دائىما قاردەك ئاق خالات،
قەلبىدە كۆيۈنۈش، شەپقەت ھەم نىجاد،
خەستە ـ بىمارلارغا بەخش ئېتىپ ھايات،
تۈن ـ كېچە ئۇيقۇدىن كەچكەنلەرنىڭدۇر.

دوسكىنىڭ ئالدىدا چاچنى ئاقارتقان،
لەۋزىدىن گۆھەردەك بىلىم تاراتقان،
ياش غۇنچە ئەۋلادنى قاتارغا قاتقان،
ئۇستازلار ئۇستازى باغۋەنلەرنىڭدۇر.

مول نىمەت يارىتىپ، ئاددىي ياشىغان،
پەرھاتتەك تاغ كېسىپ، تۇغان ياسىغان،
سۇ باشلاپ چۆللەرگە بوستان ياسىغان،
شۇ ئەزىز مېھنەتكەش دېھقانلارنىڭدۇر.

ئار - نومۇس، ۋىجداننى پۇلغا ساتمىغان،
بىراۋنىڭ قىلىغا قول ئۇزاتمىغان،
قەدرى - قىممىتىنى يەرگە ئاتمىغان،
دىلى پاك، ۋىجدانلىق ئىنسانلارنىڭدۇر.

1998 - يىل، يانۋار، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئافرىقا سەگەك

(«ئافرىقا ئەركىنلىكى كۈنى»گە بېغىشلانغان)
ئافرىقا ئۇخلىماس، ئافرىقا سەگەك،
ئافرىقا كۈرەشتىن چۈشۈرمەس بىلەك.
ئاڭلىدىم جاراڭلىق قەلب ساداسىنى،
كۆردۈمەن ئويغانغان كەڭ سەھراسىنى.
كۆزىدە چاقنىغان بىر ئۈمىد كۆردۈم،
دۈشمەنگە قەلبىدە غەزەپ - ئوت كۆردۈم.
بۇ قىتئە نەپەسى تونۇردەك ئىللىق،
ئۇپۇقىدا كۆردۈم چوغدەك قىزىللىق.
بۇ رەڭدىن نامايەن بايرام ھارپىسى،
كۆكىدە كەزمەكتە تاڭنىڭ شەپىسى.
ئەسىرلەر خورلانغان بۇ قەدىم تۇپراق،
كۆز ئېچىپ، جاھانغا سالماقتا قۇلاق.
دوستى كىم، دۈشمەن كىم؟ سەزگەن ئۇ بۈگۈن،
زۇلمەتتىن، قۇللۇقتىن بەزگەن ئۇ بۈگۈن.
قول ئەرەب ئۈزمەكتە ياۋ زەنجىرىنى،
جەڭلەردە ھەل قىلىپ ئۆز تەقدىرىنى،
نېگىرلار كۆرسىتىپ جاسارىتىنى،

كۆرەشتىن ئىزلىدى سائادىتىنى.
جازائىر يۇرت ـ سەئىد ئىزىدىن ماڭدى،
ئەركىنلىك ئىشقىنى يۈرەككە تاڭدى.
قان كېچىپ، جان بېرىپ بۇ ئەل ئەرك ئۈچۈن،
دۈشمەندىن ئالماقتا ئىنتىقام ـ ئۆچىن.
جەڭگىۋار گىمىن بار كونگو تىلىدە،
كۆرەشكە باغلىغان كەمەر بېلىدە.
ئانگولا، كامېرون غەپلەتنى قويغان،
يورۇق ئىستىقبالنى يۈرىكى تۇيغان.
تومۇرىدا كۆرەشنىڭ قېنى بار قايناق،
يېقىندۇر، بۇ ئەلدە تاڭ ئاتار پارلاق.
دېمەككى، ئويغاندى بۈگۈن ئافرىقا،
ھۆرلۈك قۇچار، شەكسىز، پۈتۈن ئافرىقا.
كۆرەشتە ھەل قىلار ئۆز تەقدىرىنى،
پارچىلاپ دات باسقان ياۋ زەنجىرىنى.

1962 ـ يىل، مارت، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بىر كېلىپ مېھمان بولۇڭ

(شائىر مۆمىن سەپىرىنىڭ بايراملىق چاقچىقىغا جاۋاب)

بۇ ھاياتنىڭ پەيزى بارمۇ، شېئىرى سەنئەت ولمىسا،
باغ - چىمەنمۇ زىرىكىشلىك بەزمە - ئىشرەت بولمىسا،
كۈن كۆڭۈللۈك ئۆتمىگەي، دوست - يارۇ ئۈلپەت بولمىسا،
يارۇ ئۈلپەت بار بولۇپ، دوستانە سۆھبەت بولمىسا،
ھەزىل - چاقچاق ئۇرغىماس، دىلدا مۇھەببەت بولمىسا.

بىر ھەزىل يازغان ئىكەنسىز، دوستىمىز مۆمىن سەپەر،
پىكرىڭىز جۇشقۇن ئىكەن، ئىخلاس بىلەن سالدىم نەزەر،
قاپىيىگە باي ئىكەنسىز، يازسىڭىز ھەم چوڭ ئەسەر،
ئاڭلىسام، ھەمدەم ئىكەن قەغەز - قەلەم شامۇ - سەھەر،
دەر ھەقىقەت، باغ كۆكەرمەس ئەجىر - مېھنەت بولمىسا.

دانىشمەنلەر ئېيتىدۇ: «ھېكمەتكە سالغىن سەن قۇلاق،
ياد ئېتىپ تۇر دوستلىرىڭنى تۇرسا ئۇ سەندىن يىراق،
ھەر خېتىڭدە بولسۇن، ئەلۋەتتە، ئىپاردەك خۇشپۇراق».
گۆھەرلەر ئۇندىدى چاقچاققا قىزغىن ئىشتىياق،
ىم ئۆتەتتۇق خەت يېزىشماي ئۇشبۇ ھېكمەت بولمىسا.

سىزنى مەن بوۋاي دېمەيمەن، بار قۇۋۋەت ـ دەرمانىڭىز،
هەم تېخى دولدول سۇپەت چاپماققا بار ئىمكانىڭىز،
بەستىڭىزگە خوپ ياراشقاي بەيگىدە جەۋلانىڭىز،
باغىڭىزدا بىر زامان بولغان ئىدىم مېھمانىڭىز،
بىر كېلىپ مېھمان بولۇڭ، سىز ھەم مۇشەققەت بولمىسا.

1994 ـ يىل، ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پۈرسەتنى كەتكۈزسەك خاتا

تىنچىمىزنى بۇزدى ئەمدى بىر قارا مۇدھىش تۇمان،
سەل قاراپ غەپلەتتە قالساق، ھالىمىز بولغاي يامان.

ئاق شاياتىن سوزدى چاڭگال، نەسلىمىزگە قەست قىلىپ،
بولدى ئاپەت يۇرتىمىزغا كۈنسېرى تەھدىت سېلىپ.

شۈركۈنەرمىز ئاڭلىغاندا بۇ نىجىسنىڭ نامىنى،
بىر ۋەھىمە لەرزىگە سالدى كۆڭۈل ئارامىنى.

بىز بۇ ئاپەت ئالدىدا تۇرساق گۇناھ قول قوشتۇرۇپ،
توسىمىساق بەتتەر جىنايەت چارە ـ ئىمكان بار تۇرۇپ.

بىز پاراسەت ساھىبى مەردانە خەلق ئەۋلادى بىز،
ئىلمۇ ھېكمەت، ئاڭ تاراتقان كۆپ ئەسىر ئەجدادىمىز.

چاقنىغان بىزدە ئۇزاق ئەخلاق ـ ئەدەب دۇردانىسى،
ئىزگۇ ئىشتا ئۈلگە بولغان يۇرتىمىز ھەر خانىسى.

ئەمدىلىكتە باشىمىزغا نەدىن كەلدى بۇ بالا؟
بىر سەۋەب: بولدۇق بىخۇدلۇق ئىللىتىگە مۇپتىلا.

پۇلپەرەسلەر پايدا كۆزلەپ، ئاق ۋاباغا ئاچتى يول،
ئازدۇرۇشقا ياش گۆدەكنى ھەر تەرەپتىن سالدى قول.

ئازدۇرۇلغانلار بۇگۇن ھەر ئەسكى ئىشتىن يانمىدى،
پۇل كېرەك بولغاچقا ھەتتا قان تۆكۈشتىن يانمىدى.

تارتقۇلۇقنى بۇ بىلەن تارتماقتا كۆپ ئاتا ـ ئانا
باشقا چۈشكەچ بالا دەردى، نەدىن تاپسۇن بىر داۋا.

بىز بۇ ھالدا تەمتىرەپ پۇرسەتنى ئۆتكۈزسەك خاتا،
چارە ـ تەدبىر ئويلىماي ۋاقىتنى كەكتۈزسەك خاتا.

ھەممىمىزنىڭ بۇرچى شۇ: كۈچلۈك ئىلاج تاپماق كېرەك،
ئاق شاياتۇن يوللىرىنى بىرلىشىپ توسماق كېرەك.

ئۇشبۇ ئىشتا بولسۇن، ئەلۋەتتە، پۈتۈن ئەس ـ يادىمىز،
تېز قۇتۇلسۇن بۇ قەبەززۇلدىن ئەزىز ئەۋلادىمىز.

1994 ـ يىل، دېكابىر، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قاراماي

نامىڭنى، داڭقىڭنى ئاڭلىسام ھەر چاغ،
كۆرۈشكە يۈرىكىم بولاتتى مۇشتاق.
پەيت كېلىپ ۋەسلىڭگە مۇيەسسەر بولدۇم.
نەقەدەر گۈزەلسەن، ئەي ئالتۇن تۇپراق.

جاھانغا تارالدى «قاراماي» ئاتىڭ،
چۆل ئەمەس، خەزىنە ئەسلىدە زاتىڭ.
بۈركۈتتەك يايغانسەن ھەر يان قاناتىڭ،
بۈگۈن ساڭا كۆكلەم ئاچقان كەڭ قۇچاق.


باغرىڭدىن ئۆتتۈم مەن چۈش - پىشىن ۋاقتى،
تومۇزنىڭ ئاپتىپى تېنىمگە ياقتى.
مۇنارلار ئالقىشلاپ يىراقتىن باقتى،
قۇياشنىڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن ھەر ياق.

تەسەۋۋۇر - پەرەزدىن چىقتىڭ ئۈستۈن سەن،
نىمانچە بەرق ئۇرۇپ تېزلا ئۆستۈڭ سەن،
يىل ئەمەس، ئەسىرنى ئاتلاپ ئۆتتۈڭ سەن،
بىر شەھەر قۇرۇپسەن ھاياتى قايناق.

قالماپتۇ بۇرۇنقى قاغجىراق چۆللەر،
ھەر ياندا مۇنارلار، ئاسفالىت يوللار،
نەقىشدار بىنالار، دەرەخلەر، گۈللەر،
بەخش ئەتتى قەلبىمگە قىزغىن ئىشتىياق.

يىراقتا تىك - مەغرۇر ئاقباش تاغلىرىڭ،
ياپ - يېشىل تون كىيگەن كەڭ يايلاقلىرىڭ،
ۋادىغا سۇ بېرەر شوخ بۇلاقلىرىڭ،
كەلگۈسى ھاياتىڭ تېخىمۇ پارلاق!

1982 - يىل ئىيۇن، قاراماي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# جەرەنبۇلاق

كۆك يۈزىدە ئۈزەر بۇلۇت مامۇقتەك ئاپپاق،
كۆز ئالدىمدا ئالتۇنسىمان تاۋلىنار تۇپراق.
كەڭ ۋادىغا كۆكلەم قىزى ئاچقان كەڭ قۇچاق،
ئاسمان پەلەك بۇرغىلارنىڭ نەرسى ياڭراق،
فونتان ئۇرۇپ، دەۋران سۈرەر بۇ جەرەنبۇلاق!


جەرەنبۇلاق، نامىڭ سېنىڭ نېمانچە گۈزەل؟
ماۋزۇ بولار شائىرلارغا يازغاندا غەزەل.
نۇر مەنبەسى گۆھەر بولۇپ يارالدىڭ ئەزەل،
مىڭ مەرتىۋە ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەۋزەل،
سېنى كۆرۈپ ھاياجىنىم جۇش ئۇردى قايناق.

قىشنى قوغلاپ باشلىغانسەن باھار - يازىڭنى،
يېڭىلاپسەن مۇقامىڭنى، چالغان سازىڭنى،
بوگۇن ۋەتەن ئاڭلىماقتا شوخ ئاۋازىڭنى،
«يەتتە باتۇر» دېدىم قاتار نېفىت جازاڭنى،
يۈز باسقۇچلۇق كۆمۈش باكلار مىسالى راۋاق.

كۆپ ئەسىرلەر غېرىپسىنىپ جىمجىت ياتقانسەن،
بوران - چاپقۇن قۇترىغاندا غەمگە پاتقانسەن،
چۆل قىزلىرى جەرەنلەرنى توپقا قاتقانسەن،
چۇپانلىرىڭ كەلسە ئۇسساپ جام ئۇزاتقانسەن،
لېكىن ھېچكىم مۇڭلىرىڭغا سالمايتتى قۇلاق.

بۈگۈن كەلدى ئۇزۇن زامان كۈتكەن ئارزۇيۇڭ،
مۆكۈم سۇرەر جۇشقۇن ھايات بولغاندەك تويۇڭ،
كۆكتە ئۇچار شادىيانە بەختىيار كۈيۈڭ،
تۆھپەڭ بىلەن يىلدىن - يىلغا ئۆستى ئابرۇيۇڭ،
سەن ياراتقان مۆجىزىلەر نۇر چاچار پارلاق.

1982 - يىل ئىيۇن، قاراماي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سايرام

كۆللەر كۆپ دۇنيادا چوڭ - كىچىك ھەر خىل،
ۋە لېكىن بىر كۆل بار، كۆللەر سەر خىلى.
ياتىدۇ دېڭىزدەك ئۇپۇقنى قۇچۇپ،
تاغلار قۇچىقىدا - بۇ سايرام كۆلى.

سۇلىرى زۇمرەتتەك سۈپ - سۈزۈك، زەڭگار،
كۆزنىڭ قارچۇغىدەك ئاجايىپ تىنىق.
يىگنە چاغلىق نەرسە چۈشسە ئاستىغا،
دۇغلانماي ئەينەكتەك كۆرۈنەر ئېنىق.

مۆجىزە ياراتقان بۇندا تەبىئەت،
لېۋىگە سېلىنغان ياپ - يېشىل گىلەم.
ئارچىزار تاغلىرى قورشاپتۇ كۆلنى،
بۇ يەردە پەسىللەر ھەمىشەم كۆكلەم.

ئۈستىدە يەلپۈنسە سالقىن شامالار،
سۇلىرى ئۈنچىدەك سۆيەر قىرغاقنى.
كۆرسەن ئەتراپتا توپ - توپ پادىلار
بولۇتتەك قاپلىغان يىراق - يىراقنى.

1982 - يىل ئىيۇن، سايرام.

# كەڭساي

كۆرگەنمۇ سىز كەڭساينى،
بېھىشتەك گۈزەل جاينى.
كۆرمىگەنمەن ھېچيەردە
بۇنداق كۆلگۈن چىرايىنى.

مەن تەلكىدىن چۈشكەندە،
بۇلاقلاردىن ئۆتكەندە،
تەشنالىقىم راست قاندى،
مۇزدەك سۈدىن ئىچكەندە.

كۆكتە تاغلار قامىتى،
باغرى تاۋۇس قانىتى،
نەقىش ئېتىلگەن سۈرەتكە
تەبىئەت كارامىتى.

تاغ باغرىغا ياراشقان
ئوتلاپ يۈرگەن توسۇن تاي.
ئارچىزارنىڭ قوينىدا
ھايات تاپقان جىلغا - ساي.

1982 - يىل ئىيۇن، كەڭساي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

# گۈزەل ئىلى

سەن شۆھرەتلىك ئەزىز ماكان،
بېشىڭدىن كۆپ ئۆتتى توپان،
ئىز قالدۇردى قانچە ۋولقان،
تارىخلاردا داڭقىڭ داستان،
ھۆرمىتىم بار ساڭا چەندان.

كۆپ ئاڭلىدىم شۆھرىتىڭنى،
دىلغا پۈكتۈم ھۆرمىتىڭنى،
ئارزۇ قىلدىم سۆھبىتىڭنى،
ئاخىر كېلىپ پۇرسەت ئىمكان،
پورەك ئاچتى ئارزۇ - ئارمان.

تاغلىرىڭدىن مەن ئۆتكەن چاغ،
سەپ - سەپ ئارچا ئاچتى قۇچاق،
چەكسىز كەتكەن يېشىل يايلاق،
مىغ - مىغ قويلار بولۇتسىمان،
ئات ئۈستىدە تامام چوپان.

يوللىرىڭدا ئەمدى باغلار،
ئارتتا قالدى ئېگىز تاغلار.
كەڭ ئېتىزدا زەر باشاقلار،
قاينام - تاشقىن باقسام ھەر يان،
قەد كۆتەرگەن تاغ - تاغ خامان.

يىگىتلىرىڭ چەبدەس، ئىشچان،
قىزلىرىڭدۇر پەرى جانان،
مەرۋايىتتەك تەرگە پىشقان،
مۆيىسپىتلەر ئارا تۇتقان،
مول ھوسۇلغا كۆڭلى تولغان.

يېزاڭ جەننەت، سالقىن ئاخشام،
باغ قوينىدا ئۆيلەر تامام،
بەك ئازادە ھويلا ئارام،
سۇۋادانلار خوپ ياراشقان،
ئۆتتۇق يولدىن سىلىق، راۋان.

شەھرىڭ كۆركەم، كوچاڭ رەت - رەت،
رەسسام بولۇپ بۇ تەبىئەت
سىزغان ئەجەپ رەڭدار سۇرەت.
كۆك پاياندار بىزگە سالغان،
قۇچاقلاشتۇق دوستۇ ياران.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باقتىڭ ئىلى نازاكەتتە،
داستىخان سالدىڭ ساخاۋەتتە،
ھەر كۈن بولدۇم زىياپەتتە.
پەنجىم ئىكەن بۆك - باراقسان،
مەشرەپ تۈزۈپ كۈتتى مېھمان.

مۇشتاق ئىدىم جامالىڭغا،
بۈگۈن يەتتىم ۋىسالىڭغا،
سەن تولۇپسەن كامالىڭغا،
گۈللە يەنە، ياشنا ھامان،
نامى مەشھۇر ئەزىز ماكان!

1982 - يىل ئىيۇن، غۇلجا.



# مەقبەرە ئالدىدا

ئىلى باغچىسىنىڭ ئىچى بەك سالقىن،
يوللارغا سىكىلەك يايغان مەجنۇنتال.
قەلبىمدە بىسىلماس ھاياجان، دولقۇن،
يۈزۈمنى سىيپىلاپ ئۆتىدۇ شامال.

ماڭىمەن خىرامان كۈنپېتىش تامان،
بەھرىمنى ئاچماقتا يېشىل مەنزىرە.
بىردىنلا ئالدىمدا بولدى نامايان
قۇياشتا تاۋلانغان قاتار مەقبەرە.

كۆز ئۈزمەي ئالدىغا باردىم مەن ئىلدام،
سۈكۈتتە خېلى چاغ تۇردۇم خىيالچان.
بۇ، بىلسەڭ، شەھىتلار قەۋرىسى تامام،
ۋەتەن، خەلق يولىدا جان نىسار قىلغان.

ئورتىدا بىر قەۋرە ھايالسىز مېنى
گويا كى ماگنىتتەك باغرىغا تارتتى.
شۇ تاپتا گۈل ئاچتى كۆڭلۈم ئارمىنى،
سېغىنىش تۇيغۇسى دەمبەدەم ئارتتى.

قەۋرىدە: «ئەھمەتجان قاسىمىي مەرھۇم...»
ئويۇلغان نەقىشدار بۇ مۇبارەك نام.
شۇ ئاندا پىكىرگە غەرق بولدى كۆڭلۈم،
ئۇلۇغۋار بىر سىما جانلاندى ئىلدام.

شۇ تاپتا كۆرىمەن كۆڭلۈم كۆزىدە:
ئالدىمدا نەۋجۇۋان خۇش پىچىم قامەت.
تەبەسسۇم ئەكس ئېتەر ئىللىق يۈزىدە،
مانىپۇ گۈللۈك دوپپا ياراشقان غايەت.

ھېلىھەم ئەگىنىدە ماشىرەڭ چۈجۇركا،
بېلىگە ئەپچىللا باغلىغان كەمەر.
جەنۇبىي باغچىدىن[1] چىقتى ئۇ گويا،
يەنە كۈلۈپ باقتى سۆيۈملۈك رەھبەر.

× × ×

قىرىق ئالتىنچى يىلنىڭ كۈز ئايلىرىدا
شۇ باغچە ھۆسنىنى تولۇق ساقلىغان.
سۈلغۇنلۇق كۆرۈنمەس چىرايلىرىدا،
گۈللەرنىڭ بەرگىدە ئۈنچە پارلىغان.

---

[1] جەنۇبىي باغچا ـ ئۈرۈمچىدىكى مازىرقى مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئورنى، بۇرۇن ئۇ باغچىلىق قورا بولۇپ، بۇ يەردە ئەھمەتجان قاسىمى بىر مەزگىل ئولتۇرغان.

دەم ئېلىش پەيتىدە سەير ئېتەر رەھبەر
شۇ باغچە ئىچىدە چىمەنزار بويلاپ،
كەلگەن مېھمانلارنى كۈتىدۇ كەمتەر،
بىر ياقتىن ئىشىنى ئۈلگۈرەر ئويلاپ.

ئاشۇ يىل باغچىغا كىرىپ بىمالال،
رەھبەرنى كۆرۈشكە كۆپ بولدى پۇرسەت.
قول ئېلىپ كۆرۈشتۇم قانچە رەت خۇشال،
يۈرىكىمگە تولغان يالقۇن - ھارارەت.

بىر - بىرلەپ يېزىشقا قەلىمىم ئاجىز،
رەھبەرنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىنى.
نەقىشتۇر قەلبىمدە خاتىرە، شۇ ئىز،
مەن نېچۈك ئۇنۇتاي كامالىتىنى؟

× × ×

تۇرىمەن قەۋرىنىڭ ئالدىدا ھامان،
گۈل ئاچقاندەك بولدى كۆڭلۈم ئارمىنى.
ۋە لېكىن ئېغىركەن، دوستلىرىم، ھىجران،
سېغىنىش تۇيغۇسى ئۆرتىدى مېنى.

1982 - يىل ئىيۇن، غۇلجا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى

# مۇشائىرە

ئاخشام چۈشتى، ئايمۇ چىقتى خىرە - شىرە،
ئالمىلىق باغ خوپ بېزەلگەن، خۇش مەنزىرە،
قەلبىمىزدە قالدى بۇ كەچ بىر خاتىرە،
دوستلار قۇردۇق باغ ئىچىدە بىر دائىرە،
قىزىپ كەتتى بەس - بەس بىلەن مۇشائىرە

ئېلېكترلەر يورۇتاتتى باغنى كۈندەك،
شاخ - شاخلاردا قىزىل ئالما بولغان بېزەك،
داستىخاندا تەخسە - تەخسە ھەر خىل گېزەك،
ئولتۇردۇق بىز چازا قۇرۇپ بىر دائىرە،
قىزىپ كەتتى بەس - بەس بىلەن مۇشائىرە.

ئەلى يەنە بىر توپ مېھمان كۈتتى بۇ كەچ،
شائىرلىرى دۇررى - گۆھەر تۆكتى بۇ كەچ،
خىزمەت قىلىپ پەرۋانىدەك ئۆتتى بۇ كەچ،
ئۇلپەتلەشتۇق بولۇپ ئىناق بىر دائىرە،
قىزىپ كەتتى بەس - بەس بىلەن مۇشائىرە.

ساھىپخانىلار مېھمانلارنى خوپ داڭلىدى،
ھۆرمەت بۇ، دەپ مېھمانلارمۇ جىم ئاڭلىدى،
ئارقىدىنلا شىشە قەدەھ جاراڭلىدى،
دوستلۇق ئىزھار قىلدۇق بولۇپ بىر دائىرە،
قىزىپ كەتتى بەس - بەس بىلەن مۇشائىرە.

ھەر يۈرەكتە جۇشقۇن بولۇپ تاشتى ئىلھام،
ئوتلۇق مىسرا، توق قاپىيە ئاقتى ئىلدام،
نەپىس كۈيلەر كۆكتە ياڭراپ قىلدى داۋام،
قىزغىن چاۋاك چالدۇق پۈتۈن بىر دائىرە،
قىزىپ كەتتى بەس - بەس بىلەن مۇشائىرە.

ئۇلۇغلىدۇق بىز ۋەتەننى، گۈل دىيارنى،
سۈرەتلىدۇق گۈلىستاننى، چىمەنزارنى،
كۈيگە قاتتۇق ئۇستا باغۋەن، ئىجادكارنى،
زوقتا چۆمدى بۇ ئۇلتۇرۇش بۇ دائىرە،
قىزىپ كەتتى بەس - بەس بىلەن مۇشائىرە.

سايراپ تۇردى دۇتار، تەمبۇر بۇ گۈلشەندە،
توختىمىدى باغ ئىچىدە كۈلكە - خەندە،
بارا - بارا ئۇپۇقتا تاڭ سۈزۈلگەندە،
تارقىدى شاد بۇ ئەنجۇمەن، بۇ دائىرە،
تامام بولدى تاڭغا يېقىن مۇشائىرە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئارا ئۆستەڭ

ئارا ئۆستەڭ باغ ئىكەن تىللاردا داستانە بولغىدەك،
ئاڭلىغانلار ۋە سېيىنى كۆرمەككە ئارمان بولغىدەك.

ئالمىزارلىق، بۆك - باراخسان، ياپ - يېشىللىق ھەر تەرەپ،
كۆرمىگەنلەر بىر كۆرۈپ ھۆسنىگە ھەيران بولغىدەك.

بىر كۆرۈپ «بۇلاقبېشىنى» مەن ئۇنى جەننەت دېدىم،
ئابى كەۋسەر سۇلىرى تەنلەرگە دەرمان بولغىدەك.


باغ ئارا سازەندە بۇلبۇل سايرىسا چاڭ كەلتۈرۈپ،
باشقا ئەلدىن بىر كېلىپ قۇشلارمۇ مېھمان بولغىدەك.

شاھىدى بولدۇم بۇ باغنىڭ، داستىخىنى نېمەتكە باي،
قايسى يۇرتتا جاي تېپىلغاي مۇنداق مىزبان بولغىدەك.

ئۆكتى شەرۋەت بەزمىدە شېرىن سۆزىدىن دوستلىرىم،
ئاشىندى دىل باغىمىز سۇلماس گۈلىستان بولغىدەك.

قەلبىمىزدە قالدىم مەڭگۈ بۇ كۆڭۈللۈك ئۇچرىشىش،
خوشلىشىپ كەتسەك، يۈرەكتە ئەمدى ئارمان بولغىدەك.

1982 ـ يىل ئىيۇن، غۇلجا ـ تۇرپانيۈزى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

# كۆنەستە بايرام

قوناق بولدۇق نېمەتكە باي كۆنەستە،
بىزگە ئاتاپ تىككەن ئاق ئۆي بىر دەستە،
يېتىپ كەلدى سازەندىلەر بىر پەستە،
ئوغلاق تارتتى نەۋقىرانلار بەس - بەستە.

هايال ئۆتمەي تاماشابىن توپلاندى،
مەيدان شۇ دەم بىر بايرامغا ئايلاندى.
ئارقىمدىنلا قىز قوغلاشلار باشلاندى،
سان - ساناقسىز هەۋەسكارلار ئاتلاندى.

قامچا تەگسە زارلانمايتتى هېچ بىرى،
يېگىلىشكە تەن بەرمەيتتى ياش - قېرى،
شۇنچە ئۇچقۇر دۇلدۇل كەبى ئاتلىرى،
يېگىپ چىقتى شۇ كۈن قىزلار ئاخىرى.

كەچكە يېقىن بىزنى كۈتتى ئوتلاقتا،
قىمىز ئىچتۇق ئالتۇنسىمان ئاياقتا.①

① ئاياق - ياغاچ كاسا.

ساقى بولدى چىۋەر قىزلار قوناقتا،
سايراپ تۈردى دومبىرالار بىر ياقتا.

قېرىنداشلار تۆكتى شۇ كۈن مول نېمەت،
بولماس، دەيمەن، مۇندىن ئارتۇق زور ھۆرمەت.
بۇ چاغ بولدى بىزگە ئەجەپ غەنىمەت،
دىل رىشتىمىز ئۈزۈلمەيدۇ تائەبەت.

1982 ـ يىل ئىيۇن، كۈنەس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىلقا

ئەي ئىلقا نەقەدەر مۆجىزات يۇرتسەن،
قوينۇڭنى قاپلىغان جەننەت ھاۋاسى.
ئارچىزار تاغلىرىڭ يۇتكۇل زەربەرجەد،
بىر قاراپ قاماشتى كۆزۈم قاراسى.

يولۇمدا قاش دەريا ئۆركەشلىگەندە،
يۈرىكىم دولقۇنلاپ ئاڭا جۆر بولدى.
تاغلاردىن ئىرماقلار پەسكە چاپقاندا
يۈرىكىم ئاجايىپ ھىس بىلەن تولدى.

قارايمەن ھەيرەتتە يىراق - يىراققا،
ھەيۋەتلىك چوققىلار كۆككە تاقاشقان.
ھەر يەردە بۇغىلار، قوزىلار، تايلار
گۈزەل مەنزىرەڭگە بەكمۇ ياراشقان.

يولۇمدا خۇشقامەت شەمشاد - سەرۋىلەر
تاناپتەك چىرايلىق قاتار سەپ تۈزگەن.
قىرلاردا چوغلىنىپ سۇنبۇل، لالىلار
ھۆسنۈڭگە بۆلەكچە ھۆسۈن كىرگۈزگەن.

يايلىغىدا كۆردۈم ئاق ئۆيگە چۈشۈپ،
قازاق دوستلىرىمنىڭ ئىلتىپاتىنى
مۆرمەتلەپ ئالدىمغا نارىن قويغاندا
باسالمىدى قەلبىم ھېسسىياتىنى.

ئالمىلىق بېغىغا يېتىپ كەلگەندە
مەدھىيە ياغدۇردى بۇلبۇل ناۋاسى.
كۆڭۈللۈك بەزمىگە شائىر كۈيلىرى
جۆر بولدى جاراڭلاپ كۆكتە ساداسى.

چۈش مەھەل شەھرىگە قەدەم قويغاندا
قەلبىمدە بار ئىدى ھامان بىر ئاتەش.
ئوي سۈرۈپ، كوچاڭدىن سولغا بۇرۇلسام،
يۈرىكىم بىردىنلا ياسىدى تۆركەش.

شۇ پەيت كۆز ئالدىمدا جانلىنىپ گويا
زەبەردەست بىر يىگىت بولدى نامايەن،
گىمناستۇركىسىدىن تونۇدۇم ئۇنى،
قولىدا قەلەم بار، ھامان خىيالچان.

قول بەردى شۇ تاپتا قەلەمقاش يىگىت،
زەر تۆكتى ئۇستىمدىن ئاپتاپ گەردىشى.
قول سىقىپ: «يۇرتۇمغا خۇش كەپسەن!» دېدى،
بۇ ئىدى كۈيچىمىز «قايىنام ئۆركىشى».

مەن دېدىم: «ئاپىرىن، جەڭگىۋار شائىر،
قەلەمنى نەيزىگە تەڭ قىلالىدىڭ!
يۇرتۇڭدا ئۇچقۇندىن يانغىن چىققاندا،
ئاقسۇدا زۇلمەتكە تىغ ئۇرالىدىڭ!»

ئوڭۇمغا كەلگەندە شائىر يوق ئىدى،
ۋە لېكىن قەلبىمدە قالدى سىماسى.
ھەر يۈرەكتە قالغان شۇنداق خاتىرە
بۇ بىر ئۆلمەسلىكنىڭ جانلىق گۇۋاھىسى.
× × ×
ئەي نىلقا قوچقانىسەن چەكسىز شەرەپ - شان،
ئىنقىلاب مەشئىلى سەندە يېقىلغان.
جۇدۇنلار قوترىغان مۇدھىش زاماندا،
باغرىڭدا ئەڭ دەسلەپ چاقماق چېقىلغان.

ئۇنتۇلماس ئۇ ئۆتكەن شاۋقۇنلۇق يىللار،
نەقىشتۇر تارىخنىڭ ئالتۇن بېتىدە.
ئەي نىلقا، ساقلىنار مۇبارەك نامىڭ،
كەلگۈسى ئەۋلادلار يۈرەك قېتىدا.

1982 - يىل ئىيۇن، نىلقا.

## سىغىنىپ كەلدىم

سىغىنىپ كەلدىمەن يەنە ئەي قەشقەر،
بار ئىدى قەلبىمدە جۇشقۇن ھاياجان.
جامالىڭ ئاپتاپتەك ھامان جىلۋىگەر،
كۆرىمەن: مەنزىرەڭ بىر پولات قورغان.

كۆرۈندى يىراقتىن ئاقباش تاغلىرىڭ،
قۇتلىدى: «خۇش كەل!» دەپ گۈلشەن، باغلىرى،
بىر ئارام بەخش ئەتتى كەڭ قۇچاقلىرىڭ،
يۈز ئاچتى ئۈستۈمدە مۇسەپپا ئاسمان.

ھىدىڭنى سىزىپلا مېھرىڭدە ئاقتىم،
تەشنا كۆزلىرىمدە ھۆسنۈڭگە باقتىم،
تەنلىرىم يايرىدى شوخ قانات قاقتىم،
بىز يەنە كۆرۈشتۇق، چىقتى بىر ئارمان.

باغرىڭدا يەنىلا ھايات جۇشقۇنلۇق،
ھەر كوچاڭ دېڭىزدەك قاينام ـ تاشقۇنلۇق، ھەر يېقىڭ
كۆڭۈللۈك، بەكمۇ شاۋقۇنلۇق،
باقىمەن: قىز ـ ئوغلان ئۆتەر شادىمان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەنە نەۋجۇۋاندەك تۇرۇپتۇ ھېيتكاھ،
مۇنارلار كۆزۈمگە چاچتى نۇر ـ زىيا،
بۇ جايكى مىڭ يىللىق تارىختا گۇۋاھ،
قەدىمدىن مەرىپەت تاراتقان ماكان.

باغچاڭدا يېتىپتۇ ھەزرىتى مەۋلام①،
نامىنى نامىڭغا چاتقان شۇ بوۋام.
ئۇ ئاچقان خەزىنە نۇر چاچار مۇدام،
ئۇ ھايات، مىڭ يىللار سۈرىدۇ دەۋران.

داڭقىڭنى جاھانغا يايغان تۇپراقسەن،
بىر باغسەن، ئېرەمدىن مىڭ ئېسىلراقسەن،
خازاننى بىلمەيسەن، ئۇندىن يىراقسەن،
گوياكى تۆت پەسىل قوينۇڭ گۈلىستان.

يۈرىكىم تەلپۈندى كۆپ يىل يىراقتىن،
باغرىڭغا بىر قاناي، چىقار پىراقتىن.
ئۆسكەچكە سەن ئەزىز ئانا تۇپراقتىن،
كۆڭلۈمنىڭ تۆرىدە تۇردۇڭ ھەر زامان.

1984 ـ يىل دېكابىر، قەشقەر.

① ھەزرىتى مەۋلام ـ مەھمۇد قەشقەرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# مۇئەللىم

ھەممىنى ھەل قىلار ئىلىم - پەن ئەھلى،
ئۇنىڭسىز، ئەلۋەتتە، يۈكسەلمەس جاھان.
ۋە لېكىن ئۇنىڭغا بىرىنچى ئۇستاز
ھەر جايدا، ھەر چاغدا مۇئەللىم - باغۋەن.

ئالىمغا، دوختۇرغا، ئەدىپ - شائىرغا
شۇ ئۇستاز پەرۋىشى بولمىغان قاچان؟
مۇئەللىم بىر ئۆمۈر دوسكا يېنىدا
چېچىنى بور بىلەن ئاپئاق ئاقارتقان.

بىر پىكىر مەقبۇلدۇر ھەممىگە بىردەك:
مۇئەللىم ھەر كىمگە ئەزىز، مېھرىبان.
مۇئەللىم دېگەن سۆز بىر ئالىي ئۇنۋان،
مەنسۇپتۇر ئۇنىڭغا مەڭگۈ شەرەپ - شان.

1985 - يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# شائىرنىڭ خاتىرىسىگە

(ئابدۇكېرىم خوجانىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن مەرسىيە)

قايغۇغا چۆمدۈردى ئاخىر بىزنى ھىجران ـ يۈرۈقىتىڭ،
تىلدى خەنجەردەك يۈرەكنى بۇ تۇيۇقسىز قىسمىتىڭ.

شۇم ئەجەل چىش قايرىغاندا، بىز گۇۋاھ، مەڭسىتمىدىڭ،
ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇردى شىجائەت ـ غەيرىتىڭ.

چولڭ ـ كىچىككە كەڭ ئىدى، ئىللىق ئىدى مېھرىڭ ئۆيى،
بار ئىدى يايرانتقۇدەك غەمكىن كۆڭۈلنى خىسلىتىڭ.


جانلىناتتى بەزمىمىز خۇشخۇيلۇقىڭدىن ھەر زامان،
زوق بېغىشلايتتى ئەجەب ھەر چاقچىقىڭ، ھەر سۆھبىتىڭ

خۇش ناۋا كۈيچى ئىدىڭ سەن شېئىرىيەت بوستانىدا،
بۇ ئۆمۈر سىگدى كۈيۈڭگە قان، تەرىڭ ھەم مېھنىتىڭ.

سەن ۋەتەن خەلق ئالدىدا بۇرچىڭنى ھېس قىلدىڭ ئۇلۇغ،
شان ـ شەرەپ بەردى ساڭا قىلغان ئۇلۇغۋار خىزمىتىڭ.

يادىمىزدىن چىقمىغاي ئەسلا مۇبارەك خاتىرەڭ،
سەن شېھىت، لېكىن تىرىك سەن، ئۆچمىگەي نام ـ شۆھرە-
تىڭ.

1988 ـ يىل 8 ـ مارت، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېتى

# تىيىپجان ئېلىيوپقا

(60 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

سەن خەلقىنىڭ شائىرى، سەنئەتكارى سەن،
ئانا يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىخارى سەن.

ئېغىر يۈك يۈكلەشنى مۇناسىپ كۆرگەن،
ۋەتەننىڭ چارچىماس بىر تولپارى سەن.

قىرىق بەش يىل ئات چاپتىڭ ئوتلۇق جەڭگاھدا،
ھېلىھەم بۇ سەپنىڭ بايراقدارى سەن.

ئوت ياقتى قەلبلەرگە «تۈگىمەس ناخشاڭ»،
ئىنساني مۇھەببەت تەرەپدارى سەن.

شېئىرىيەت بېغىدا سەن ماھىر باغۋەن،
ياش نىھال كۆچەتلەر مەدەتكارى سەن.

شېئىرىڭدا چاقنايدۇ ئىللىق تەبەسسۇم،
مۇرۇۋۋەت ئەھلىنىڭ ۋاپادارى سەن.

ھەر ناچار ئادەتكە ھەجۋەڭ بىر قىلىچ،
بۇ بابتا دەۋرنىڭ زۇلپىقارى سەن.

شائىرىم، مۇبارەك بۇ ئاتمىش يېشىڭ،
بىر قەدەھ كۆتەرگىن ئەل قاتارى سەن.

1989 ـ يىل، 1 ـ فېۋرال، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئەلۋىدا شائىر

(تىيىپجان ئېلىيوپقا مەرسىيە)

سەن كەتتىڭ، بىز قالدۇق غۇربەت ھىجراندا،
دىلىمىز ئېزىلدى ئاچچىق پىغاندا،
باقسامكى، چىمەنزار، باغلار خازاندا،
خۇش ناۋا بۇلبۇل يوق بۇ گۈل بوستاندا.

بىمەزگىل ھەسرەتكە سالدى بۇ پىراق،
شادىمان ھاياتتىن چەتلەندۇق يىراق،
ئەي شائىر، دوست - يارنى تاشلىدىڭ بىراق،
بۇ ھالدىن بارچىمىز ئەپسۇس، ئارماندا.

تەلمۈردۇق بالدۇرراق تاپسا دەپ شىپا،
قىسمىتىڭ كاج كەلدى، پەلەك بىۋاپا،
ئاقىۋەت خەستەڭگە يوق بولدى داۋا،
پۈتكەنمۇ ئىزگۈ ئىش ئۈشبۇ زاماندا؟

كۆي كۈيلەپ ھەر سەھەر قۇتلۇق يىللاردا،
قازاندىڭ سەمىمىي ھۆرمەت دىللاردا،

كۆيلىنىپ ھەر ناخشا چۈچۈك تىللاردا،
ياڭرىدى سەھنىدە، سېختا، خاماندا.

چېھرەڭدە پارلايتتى تەبەسسۇم، سۇرزۇن،①
چاقنايتتى سۆھبەتتە كۆزلىرىڭدە نۇر،
بارمىقىڭ سۆز ئۆلچەر② دائىم بەھۇزۇر،
بولساڭمۇ بىز بىلەن چاقچاق - پاراڭدا.

داڭقىڭنى چىقاردى قىلغان ئەمگىكىڭ،
ساپ ئىدى بۇلاقتەك ئارزۇ - تىلىكىڭ،
ئەزەلدىن ئىلىمگە پەيۋەن يۈرىكىڭ،
سەن ۋەتەن ئىشقىنى ساقلىدىڭ جاندا.

تارىخنىڭ تىلىدىن چۈشمەس سەنئەتكار،
ئابىدەڭ ئالدىدا ياشنايدۇ گۈلزار،
پۈركىنەر گۈللەرگە قەبرەڭ ھەر باھار،
نەسىللەر يادلايدۇ سېنى داستاندا.

1989 - يىل، 20 - فېۋرال، ئۈرۈمچى.

① سۇرزۇر - خۇشلۇق.
② بارمىقىڭ سۆز ئۆلچەر - تېيىپجان كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقان چاغدىمۇ گوياكى شېئىر ۋەزنىنىڭ بوغۇملىرىنى بارماقلىرى بىلەن سانىغاندەك قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئانا تىلى

ئەڭ مۇقەددەس بىر ئالەتتۇر ئانا تىلى،
بۇ تىل بىلەن كىملىكىڭنى بىلەر جاھان.
بىر تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرەتتۇر ئانا تىلى،
بۇ تىل مەڭگۈ تارىخىڭغا بولۇر پاسىۋان.

كۆپ تىل بىلىش كىشى ئۈچۈن ئالىي خىسلەت،
ئۆز تىلىنى مەڭسىتمەسلىك لېكىن گۇناھ،
ئۆزگە تىلنى ئۇلۇغ تىل دەپ ماختاش ئۇيات،
بۇ ئۇچۇقلا خۇشامەتكە بولۇر گۇۋاھ.

ئەڭ قەدىمىي نەپىس تىلدۇر بىزنىڭ تىلىمىز
بۇ تىل بىلەن چىڭ چىرماشقان يۈرەك - دىلىمىز.
ئانا تىلى خاسىيىتى قىياستىن ئۈستۈن،
بۇ ھېكمەتنى بىلمىگەننى نادان بىلىمىز.

ئەڭ دەسلەپتە «ئانا!» بىلەن تىلىمىز چىققان،
ئانا قەلبى ئۆز مېھرىنى بۇ تىلغا يىغقان،
تۇنجى دەرسلىك كىتابىمىز «ئانا تىل» دۇر،
بىلسەڭ ئۇنىڭ ھەر بابىغا ھېكمەتلەر سىغقان.

بۇ تىل ئەبەت سىڭگەن بىزنىڭ قانىمىزغا،
ئانا سۈتى بىلەن كىرگەن جانىمىزغا.
ئەجدادىمىز مىراسىدۇر ئانا تىلى،
بۇ تىل گۇۋاھ ئۆچمەس شەرەپ - شانىمىزغا.

بۇ تىل بىلەن خەلقىمىزنىڭ داڭقى ئاشقان،
تارىخىمىز ئالتۇن ۋاراق، بەتلەر ئاچقان،
قەشقەرىينىڭ، خاس ھاجىپنىڭ ئەسەرلىرى
بۇ تىل بىلەن مەڭگۈ ئۆچمەس زىيا چاچقان.

ئەي شاتلىق تىل، غۇرۇرىمىز، پەخرىمىز سەن،
ساقلاپ كەلدىڭ باي خەزىنە، پۈتمەس بىلىم،
ساڭا چەكسىز يۈرىكىمىز شۈكرانىسى،
يۇلتۇز كەبى مەڭگۈ چاقنا، ئاناتىلىم!

1990 - يىل سىنتەبىر ئالمۇتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئالتۇن كۈز

ئالتۇن كۈز، ئالتۇندۇر زىننىتىڭ سېنىڭ،
زەرباب تون قەددىڭگە زەپمۇ ياراشقان،
يىلدىن ـ يىل مۆجىزات سەندە نامايەن،
ھەركەلسەڭ، ھۆسنىڭدىن كۆزلەر قاماشقان.

قارايمەن: ئورمانلار زەر كىيگەن قات ـ قات،
باغلارمۇ شاھانە ئالتۇن لىباستا.
شاخلارنىڭ ئاستىدا شاۋقۇنلۇق ھايات،
ئاسماندىن پەرىلەر چۈشكەنمۇ ئاستا؟

شېپتىغا پاتماپتۇ ئەنجىر، ئانارلار،
كەھرىۋا ئۈزۈملەر ھېقىقتىن نىشان.
ئالمىلار، ئامۇتلار زەردەك تاۋلىنار،
خۇشپۇراق باغلارنى دەيسەن بىر ئەدنان.

مويىسپىت چاللارنىڭ دىلىدا غۇرۇر،
ئالەمنىڭ ئىشىنى تۈگىتەر سەندە.
تەر تۆكۈپ ئىشلىمەك ئۆزى بىر ھوزۇر،
ئىشچان قىز ـ يىگىتلەر لېۋىدە خەندە.

پادىلار قايتىدۇ كەچتە لىغىرلاپ،
قارايمەن، ھەر قۇيرۇق، نېمانچە سېمىز،
«سېخى كۆز ئىنئامى!» دەيمەن پىچىرلاپ،
باشقىچە تونۇيدۇ سېنى دىلىمىز.

پەسىللەر ئىچىدە سېخى ئالتۇن كۆز،
نازۇ نېمىتىڭنى كىممۇ ئۇنۇتقاي؟
دىلنى سۆيۈندۈرمەي كەتمەيسەن ھەرگىز،
توقچىلىق، مولچىلىق جامانىنى تۇتقاي.

1991 ـ يىل سىنەبىر، ئۈرۈمچى.



www.uyghurkitap.com

# مەرھابا، نورۇز!

سېنى جاندىن سېغىندۇق، خۇش كېلىپسەن، مەرھەبا نو-
رۇز!
سەھەر چولپاندەك دىللارغا چاچتىڭ نۇر - زىيا نورۇز.

كېتىپ دەۋرانى قولدىن قىش بوۋاي جىمجىتلا خوشلاشتى،
تۆپەيلىڭ يەر - جاھاننى قاپلىدى ئىللىق ھاۋا، نورۇز.

ھەمەل لەشكەرلىرىدىن دەلۋە دىۋانە بەدەر قاچتى،
جاكالاندى بۈگۈن توي - مەرىكەڭ ئالەم ئارا، نورۇز.

چاپارمەن قارلىغاچلار ئالدىراش تويدىن خەۋەر بەردى،
تۇرۇپ شۈكرانە ئېيتىشتى جېمى جاندار ساڭا نورۇز.

ياساندى تويغا مەجنۇنتال، قۇلاقتا سىرغىلار ئاستى،
سېلىپتۇر ياپ - يېشىل مەخمەل پايانداز قىر - دالا، نو-
رۇز.

چېقىن چاقماي، يېغىن ياغماي، ئېچۇق ئۆتسۇنكى بۇ ئەييام،
ھاۋادىن ئالقىش ياغراتتى ساڭا گۈلدۈرماما نورۇز.

ساخاۋەتلىك بۇلۇتلار جام ـ قەدەھدىن يەرگە مەي تۆكتى،
سۇپۇردى سەھنىلەرنى سەن ئۈچۈن مەيىن سابا، نورۇز.

يۇيۇندى تاغ، ياشاردى يەر، جۇلا چاچتى يېشىل يايلاق،
بۇلاقلار شىرقىراپ ھەر يان تاراتتى كۈي ـ ناۋا، نورۇز.

ئەسىرلەردىن زارا خەتمە[1]تويۇڭدا ئابۇ ئاش بولغان،
سويۇلغان ھۆرمىتىڭ ئۈچۈن تۆگە، قوي، ئات، كالا، نو-
رۇز.

لېكىن ئەۋزەل بۇ دەۋراندا كۆڭۈللۈك بىر مۇشائىرە،
ناۋا كۈيلەپ، غەزەل ئېيتساق، بۇ چوڭ ھۆرمەت ساڭا نو-
رۇز.

1992 ـ يىل 13 ـ فېۋرال، ئۈرۈمچى.

•

---

① زارا خەتمە ـ نورۇز ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاممىۋى چوڭ زىياپەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## تۈگىمەس ئالقىش ساڭا[1]

ئون يېشىڭ بولسۇن مۇبارەك، تۈگىمەس ئالقىش ساڭا!
مەدەنىيەتگە ئەڭ ئېسىل سۆز گۆھەرى بولسۇن نىسار.
ھەر سەھىپەڭنى بىلەرمىز خۇددى بىر جاھاننەما،
شۇ سەۋەب سەن كەلگىچە كۆزلەر يولۇڭغا ئىنتىزار.

ئېچىلار ھەر كۈن بېغىڭدا رەڭمۇ ـ رەڭ گۈل باشقىچە،
زوقىقا تولغاي خۇش پۇراقتىن ساڭا شەيدا ھەر يۈرەك.
سېنى سۆيگەي يەتتە ياشتىن تاكى سەكسەن ياشقىچە،
سەن بېرەرسەن بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن تېز دېرەك.

كۈيچى بۇلبۇل دوستى سەنكى، سەندە قۇرغان ئاشىيان،
سەن ئۇلارغا دائىما سايراش ئۈچۈن بەردىڭ مەدەت.
كۆپ تەشەككۈر ھىممىتىڭگە، قەلبىمىزدە سەن ھامان،
بىز تىلەيمىز چىن يۈرەكتىن: شان ـ شەرەپ قۇچ تا ئەبەت!

1993 ـ يىل 6 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

---

[1] «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ ئون يىللىقىغا بېغىشلانغان.

# لۇتپۇللا مۇتەللىپ تەۋەللۇدىنىڭ خاتىرىسىگە[1]

بىز كەلدۇق گۈزەل ياز داغلىق بىر يۇرتقا،
بۇ قۇتلۇق سەپەردىن مەمنۇن ھەر كىشى.
ئۇنتۇلماس بىر نامدۇر بىز ئۈچۈن ئىلقا،
بۇندا ئىز قالدۇرغان قاينام ئۆركىشى.


قەلبىمىز تۆرىدە بۇ جەننەت ماكان،
قاشنىڭ شوخ دولقۇنى قۇلاقتا ھامان،
ئەنجۈمەنگە كەلدۇق، بىز بۇندا مېھمان،
بىلىڭكى، ساھىبخان قاينام ئۆركىشى.

خەلقىمىنىڭ ئوت يۈرەك ئوغلى لۇتپۇللا،
ياش چاغدىن شان - شەرەپ تاپقان ئەل ئارا،
خىزمىتى تەگداشسىز، خەلق ئۇندىن رىزا،
ھەر دىلغا ئوت ياققان قاينام ئۆركىشى.

① شائىرنىڭ 70 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلقىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان.

مەرىپەت ئۈپقىدا پارلىغان چولپان،
ئۆچمەيدۇ تا ئەبەت سۈرىدۇ دەۋران،
چاقنايدۇ ھەقىقەت شېئىرىدا مۇدام،
بىر يۈكسەك جاي تۇتقان قاينام ئۆركىشى.

1993 ـ يىل ئاۋغۇست، ئىلىقا.



# بولما

ئەزىزىم، چوڭلار ئالدىدا گىدەيمە، بىئەدەپ بولما،
ئۆزەڭنى تارت، پەزىلەتسىز نادانلار بىرلە سەپ بولما.

بۇ كۆك گۈمبەز تېگى ھەركىمگە ئىبرەت سەھنىسى، بىلـ
سەڭ،
ئۆمۈر سەرمايىسىنى مەنىسىز غەپلەتتە يەپ بولما.

بىرىلسە كىمكى ئىشرەتكە زاۋال تاپقاي چوقۇم بىر كۈن،
كىرىپ بۇ كوچىغا قاتتىق پۇشايمانغا سەۋەب بولما.

رەھىمسىز بۇ پەلەك ئورنىڭنى بىر كۈن باشقىغا بەرگەي،
ئۇيالغىن، ئۈنچىلىك مەنسەپكە سەن قاتتىق تەلەپ بولما.

كېرەك ئىنسانغا سالماقلىق، نازاكەتلىك، مۇلايىملىق،
بىراۋ رەنجىتىشمۇ مەيلى، ئورۇنسىز دەر غەزەپ بولما.

ۋەتەنگە جان كۈيەر بولساڭ، ئادا قىل قەرزىنى جارى،
دېڭىزدا مەيلى غەۋۋاس بول، لېكىن دۇرسىز سەدەپ
بولما.

1993 ـ يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يېڭى يىلغا

يېڭى يىل، قەدىمىڭ قۇتلۇق، مۇساپەڭ ئۇلۇغۋار بولسۇن،
ساڭا ئېيتار تىلەكلەر كۆپ، ھەر ئان يادىڭدا بار بولسۇن.

كۈتەرمىز خانىمىزغا سەن يېڭى سوغات بىلەن كىرگىن،
قەدەھلەر مەي بىلەن تولسۇن، جاراڭلاپ دۇرنىسار بولسۇن.

تىلەيمىز بىر - بىرىمىزگە يېڭى ئامەت، زەپەر، تەلەي،
تىلەيمىز ھەر دەقىقە ئىزگۇ ئىشلار ئاشكار بولسۇن.


تىلەيمىز ئىس - تۈتەكتىن خالى بولسۇن بۇ گۈزەل دۇنيا،
جاھان غەم - غۇسسەسى كەتسۇن، كۆڭۈللەر بىغۇبار بولسۇن.

چىرىكلىك بىر يامان ئاپەت، جاھاندىن تېز ئېرىغدالسۇن،
يورۇقلۇق چاقنىسۇن دائىم، جاھالەت تار - مار بولسۇن.

ئىناقلىق ھەممىدىن ئەۋزەل، قەدىرلەش ھەممىگە ۋاجىپ،
ھاياتلىق تىنچ راۋاج تاپسۇن، ئاسايىش بەر قارار بولسۇن.

تىلەيمىز شادىمان ئۆتسۇن ۋەتەن قوينىدا ئەۋلادلار،
ئېرىشسۇن پارلاق ئىقبالغا، گۆدەكلەر بەختىيار بولسۇن.

1994 ـ يىل 1 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# لۆكچۈنگە مەدھىيە

چىقتى ئىلھام جامىدىن ياز، ياز! دېگەن مەيىن سادا،
شۈكرىكىم ئاجىز قەلەم ئۆز بۇرچىنى قىلدى ئادا.

باغرى كەڭ نۇرلۇق ۋەتەننىڭ ھۆسنىگە مەن تويمىدىم،
نى ئېگىز تاغلاردىن ئاشتىم، ھەر تەرەپ كۆكلەم دالا.

سەپىرىم چۈشتى بۇ نۆۋەت دىلنى تارتقان يۇرت تامان،
بىر ماكانكى، نامى مەشھۇر نازۇ نېمەتلەر تولا.

بىر كۆرۈشكە ئىنتىزار ئەردىم بۇ يۇرت دىدارىنى،
بۇ قەدىم لۆكچۈن ئەزىزلەپ كەڭ قۇچاق ئاچتى ماڭا.

دەر ھەقىقەت باغۇ بوستان ھەر تەرەپ جەننەت ئىكەن،
سۇلىرى كەۋسەر مەسەللىك، باغلىرىدۇر خوش ھاۋا.

تۇپرىقىنى تۇتىيادەي، قۇملىرى مىسلى كۈمۈش.
ئاپتىپى ئاجىز بەدەنگە كۈچ ـ قۇۋۋەت قىلغاي ئاتا.

مەيلى ئاپتاپ، مەيلى تۇپراق، مەيلى قۇم بىر مۆجىزات،
نى ئېغىر بىمار كېلىپ، ئۆز دەردىگە تاپقاي داۋا.

مەن كۆمۈلگەندە قۇمغا تاپتى راھەت تەنلىرىم،
دەر مەھەل دىشۋار ئىكەن بۇ قۇمدىن بولماغلىق جۇدا.

ئاپىرىن باغۋانلىرىغا، ئەيلىگەن كۆپ ئىزگۇ ئىش،
غەيرىتىدىن بىر ئېرەم باغ[1]تېزلا بولغاندۇر بىنا.

مېھمىنى بولدۇم بۇ باغنىڭ مەن پەقەت ئۇن نەچچە كۈن،
يەنە كەلسەم دەپ تىلەرمەن، دىلدا بار بۇ مۇددىئا.

1994 ـ يىل 25 ـ ئىيۇن، لۈكچۈن.



① ئېرەم باغ ـ نېفىتچىلەر ساناتورىيىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قالمىدى

ئويلىساق بىزدە بۇرۇنقى ياخشى ئادەت قالمىدى،
نەپسى شەيتان جانلىنىپ، ئىنساپ، ديانەت قالمىدى.

پۇل بۈگۈن مەيدانغا چىقتى قىپ قىزىل ئىبلىس سۈپەت،
ئازدۇرار ئىنساننى توۋا، گەپكە ھاجەت قالمىدى.

پۇل ئۈچۈنلا بەزىلەر ۋىجدان، نومۇستىن كەچتىلەر،
پۇلغا ئامراق بەندىدە، ئەپسۇس، ئادالەت قالمىدى.

پۇلپەرەسلەر ئايرىماس ھالال ـ ھارامنى زادىلا،
جەمئىيەت تەرتىپىگە ئانچە ئىتائەت قالمىدى.

پۇلنى دەپ ئاچكۆز ئادەملەر ۋەدىگە قىلماس ۋاپا،
شۇ سەۋەبتىن لەۋزىدە قىلچە ئىناۋەت قالمىدى.

تۇغدۇرار پۇل چوڭچىلىق، شەخسىي ئاداۋەت ھەم ھەسەت،
ئۆز ئارا ئاۋۋالقى دوستلۇق، چىن ساداقەت قالمىدى.

شۇ كاساپەت پۇل سەۋەبكى، يامرىدى ئىسراپچىلىق،
نىمە دەيمىز، ئىزگو ئىشلەرگە ساخاۋەت قالمىدى.

پۇلنى دەپ ھەر ئەسكى ئىشتىن يانمىدى ياشلار بۈگۈن،
ئاتا ـ ئانا چەكمىگەن ئاھۇ نادامەت قالمىدى.

يەر يۈزىدىن بار چىرىكلىك تېز زاۋال تاپسۇن ئىدى،
سۆزلىمەي سۆكۈت قىلىشقا ئەمدى تاقەت قالمىدى.

1994 ـ يىل سىنتەبىر، ئۈرۈمچى.



www.uyghurkitap.com

# يۈرەك سۆزى

تا ئەزەلدىن، دوستلىرىم، شۆھرەتكە يوقتۇر رىغبىتىم،
ساددا تۇرسام مەن ۋەتەندە، بۇ مېنىڭ شان - شۆھرىتىم.

شۇ ۋەتەننىڭ ئىشقى سەۋداسى بېشىمدا ھەر زامان،
ساقلىسام شۇ ئىشقىنى دىلدا، يوقتۇر ئارمان - ھەسرىتىم.

بۇ جاھان مۈلكىدە پەخرىم ھەم تايانچىمدۇر ۋەتەن،
شۇ ئەزىز تۇپراقتا باغلانغان ئەبەتكە قىسمىتىم.

ئانا يۇرتىنىڭ خىزمىتى ۋىجدانلىق ئىنسان بۇرچىدۇر،
لېكىن، ئەپسۇس، كۆپ ئەمەس خەلقىمگە قىلغان خىزمە-
تىم.

مەن خۇشامەتتىن يىراق، بۇ كەسىپ ماڭا ئۆزلەشمىدى،
ھەم رىياكارلىق، ھەسەتنى ياخشى كۆرمەس ئادىتىم.

ھېيلىگەرلىك بابىدا قىلچە ساۋادىم يوق مېنىڭ،
پاك تۇغۇلدۇم بۇ جاھانغا، پاك ھەمىشە نىيىتىم.

بىرسى نادان، بىرسى چوكچى دېسەلەر مەن نېمە دەي،
بۇ ماڭا ئايان ئەمەسكى، بەلكى باردۇر ئىللىتىم.

ماڭا تەگمەي قالمىغان تۆھمەت، ھەسەتنىڭ تاشلىرى،
شۇ سەۋەب سورۇقچىلىقتا ئۆتتى ياشلىق پۇرسىتىم.

ھېلىھەم قىلغان ئىشىمنى بەزىلەر ياقتۇرمىغاي،
بۇ جاھان تەكشى ئەمەسكى، يەنە باردۇر ھۆرمىتىم.

يېشىم ئۆلغايدى دېمەسمەن، دەم غەنىمەتتۇر ماڭا،
قەلىمىم گاللاشقىنى يوق، يەنە جۇشقۇن مېھنىتىم.

1994 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.



www.uyghurkitap.com

# ياخشى نامى باقىي قالدى جاھاندا

(پېشقەدەم شائىر ۋە ئاتاقلىق ئەدىب ئابدۇرېھىم
ئۆتكۈرنىڭ ۋاپاتىغا مەرسىيە)

ئېيۋاھ! بۈگۈن كەلدى بىزگە يەنە ئېغىر مۇسىبەت،
بۇ مۇسىبەت قەلبىمىزنى سالدى چەكسىز ھەسرەتكە.
بىر مۆھتىرەم ئەدىبىمىز دېھلەت قىلدى ئالەمدىن،
ئىلاج يوقكەن بۇ دۇنيادا شۇم ئەجەلگە، قىسمەتكە.

بارچە غەمكىن، ئەزىز تۇپراق سۈكۈناتتا، ماتەمدە،
بۇلۇت يىغلار، قارا كىيگەن بۈگۈن ئاقباش تەڭرىتاغ.
تارىم سۈيى ئۆركەشلىمەس، جىمجىت ئاقار قايغۇدا،
بۇ ماتەمدە مۇڭغا چۆمگەن يېتىمسىراپ چىمەنباغ.

بىر شائىركى ھەر جەھەتتىن «ئۆتكۈر» ئىدى قەلىمى،
تەپەككۇرىنىڭ دۇردانىسى ھەر بىر غەزەل، داستانى.
كۆپ ئەسىرلەر نۇر چاچقۇسى يۇلتۇز كەبى ئىجادى،
«ئىز» قالدۇرار ئەۋلادلارغا ئۇنىڭكى داڭدار رومانى.

ئالىيجاناپ ئىنسان ئىدى، كەمتەرلىكتە تاۋلانغان،
چوڭ - كىچىككە مەقبۇل ئىدى ئەلگە قىلغان خىزمە-

تى.
يوكسەك باھا، شەرەپ تاپتى كىمىر قونمىغان ئەمگىكى،
شۇ تۆپەيلى ئەل ئىچىدە كەڭ تارالدى شۆھرىتى.

جەڭگاھتىكى تۇلپار ئىدى، قايتتى بۇگۈن تەڭرىگە،
ئارام تاپتى لەھەد ئىچىدە، جايى بولسۇن ئەدىنلاندا.
چىمەنزاردەك گۈللەر ئۈنەر قىش - ياز ئۈنىڭ قەبرىگە،
بىز ئايرىلدۇق، ياخشى نامى باقىي قالدى جاھاندا.

1995 - يىل 6 - ئۆكتەبىر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# رۇبائىيلار

شائىرىم، گۆھەر قاز، دۇررى مارجان تىز،
ۋەتەننى، خەلقىڭنى كۈيلە ئارمانسىز!
شۇنداق كۈيلىگىنكى، مۇبادا ئۆلسەڭ،
ئەجادىڭ قالدۇرسۇن مەڭگۈ پارلاق ئىز.

× × ×

بۇ سۆز سەنئىتىكى، مىسلى بىر داۋان،
ياكى بەيگى چاپماق ئۈچۈن كەڭ مەيدان.
جاسارەت كۆرسەتكەن ئۇزۇپ چىقىدۇ،
بوشاشقان ئادەمدىن ئۇزاقتۇر نىشان.

× × ×

دانالار ئېيتقانكەن: «ئۆمۈر ئاتقان ئوق!»
بۇ ھېكمەت سىرىنى چۈشەن، ياخشى ئۇق!
ۋاقتىڭنى مەزمۇنلۇق، ياخشى ئۆتكۈزسەڭ،
ئۆمرۈڭ ئاخىرىدا قىلچە ئارمان يوق.

× × ×

دۇنياغا كېلىشتىن نېمىدۇر مەقسەت؟
يوقنى بار قىلىشتۇر، ئىجاد ۋە مېھنەت.

كەلگۈسى ئەۋلادقا بىر ئىزىڭ قالسۇن،
تەييارنى تۈگىتىپ ئۆتسەڭ بەكمۇ سەت!

× × ×

ھەر ئىشقا خەلق ئادىل باھاچى ئۆزى،
ھەممىدىن ئۆتكۈزدۇر ئاممىنىڭ كۆزى.
ئىشىڭدا توغرا بوپ، ئالغا بىسىۋەر،
شامالدا توزۇيدۇ غەيۋەتچى سۆزى.

كىبىر، تەمانىنادىن ساقلان، ئەي كۆڭۈل،
ماختىنىش، تامادىن ساقلان، ئەي كۆڭۈل.
بۇلاردىن چاڭ - توزاڭ يوقتۇرما ھەرگىز،
كەمتەرلىك ئوتىدا تاۋلان، ئەي كۆڭۈل.

× × ×

ئىبرەت سەھنىسىدۇر بىزگە بۇ ئالەم،
پۇلىڭنى، مەنسەپنى پەش قىلما ئادەم.
كۆپلەرنى ئۆتكۈزگەن قاقباش جاھان بۇ،
ئورنۇڭدىن چۈشىسەن ئەتىگە سەن ھەم.

× × ×

كىشىگە يارىشار دەل كەلسە چاپان،
كىم ماختار بولسا ئۇ كىلەڭسىز، يوغان.
ھەر قىلىق، ھەر سۆزنىڭ لايىقى ياخشى،
ئارتۇقچە ماختانساڭ چوقۇم سەن نادان.

× × ×

ئالىمنىڭ چوڭ ئەسەر يازغىنى ئوبدان،
ياخشىسى، ئەل بەرسۇن مۇناسىپ ئۇنۋان.
بەك كۆچەپ ئۆزىگە ھەيكەل تىكلىسە،
شۇ ھەيكەل كىشىدە تۇغدۇرار گۇمان.

× × ×

بەزى ناتىقلارنىڭ شىرىندۇر سۆزى،
لېكىن ئەمەل قىلماس سۆزىگە ئۆزى.
بۇنداقلارنىڭ تەستۇر بازار تاپمىقى،
ئاخىرى بىر كۈنى قىزارغاي يۈزى.

× × ×

دانالار ئېيتىدۇ: ئورۇنسىز غەزەپ،
كۆڭۈلسىز ئىشلارغا بولىدۇ سەۋەب.
پۇشايمان كار قىلماس ۋاقىت ئۆتكەندە،
ئېغىر بول، ئۆزۈڭگە قوي قاتتىق تەلەپ.

× × ×

دوختۇرلار ئېيتقانتى ماڭا بىر زامان،
غەم - غۇسسە، خاپىلىق ساقلىققا زىيان.
مۇبادا ئۆمرۈڭنى ئۇزارتاي دېسەڭ،
قايغۇرما، دەقىقە ئۆتسۇن شادىمان.

× × ×

تىلەيتتىم دوستلارغا دائىم سائادەت،
چۈنكى بۇ بىز ئۈچۈن ئىزگۈ بىر ئادەت.

بىر قېتىم بىرسىگە ئىنساپ تىلىسەم،
ئۇ ماڭا ساقلىدى قاتتىق ئاداۋەت.

× × ×

يېشىنى يوشۇرار بىزدە كۆپ كىشى،
يوشۇرسا بەكمۇ سەت، ئەمما ئەر كىشى.
يوشۇرغان بەش ـ تۆت يىل قاچان ئەسقاتقان؟
رەھىمسىز ئەمەسمۇ يىللارنىڭ ئىشى؟



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كۆڭلۈمدە قالماس ئارمىنىم

كىردىم مەن گۈلزارغا، گۈللەردىن ئۈزدۈم،
ھىد بەرسەم كۆڭلۈمدە قالماس ئارمىنىم.
زوق بىلەن خەلىمگە گۈلدەستە تۈزدۈم،
خۇش كۆرسە، كۆڭلۈمدە قالماس ئارمىنىم.

ئىجادتا غۇبارسىز يولنى ئىزلىدىم،
«ناتىقلىق» قىلمىدىم، ساددا سۆزلىرىم.
سەممىي بولۇشنى ھەر ئان كۆزلىدىم،
ئەل بىلسە، كۆڭلۈمدە قالماس ئارمىنىم.

ئىجادىم كۆيمىسە، سۇغا چۆكمىسە،
ئەخلەتكە قەستەنلا بىرسى تۆكمىسە،
ۋە ياكى ئارقامدىن مېنى سۆكمىسە،
زەررىچە كۆڭلۈمدە قالماس ئارمىنىم.

يۈرىكىم قېرىشتىن تېخى كۆپ يىراق،
قەلبىمدە ئەل مېھرى نۇر چاچار پارلاق،
ئۆچمىسە شۇ سۆيگۈ، قايناق ئىشتىياق،
شۇندىلا كۆڭلۈمدە قالماس ئارمىنىم.

[General Information]
书名=我们的花园　维吾尔文
SS号=40293876